60
سان نەشرى



# مىراس

4

2000

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر













www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر :
ياسىن زىلال
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
يۇسۇپ ئىسھاق

مىراس
قوش ئايلىق ژۇرنال
2000 - يىل 4 - سان
(ئومۇمىي 60 - سان)

TURAN KİTAPLIĞI

*بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا*

شىرۋانى ئادىل ........................ تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان (4)
لىق باتۇر ........................ توپلىغۇچى : ئابلەت يۇسۇپ (33)
ت دەردمەنننىڭ ھېكايىسى ........................ تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر سادىر (50)
ۆچەكلەر ........................ توپلىغۇچى : ھەسەن تىلىۋالدى (72)

*ئايدىڭ كېچىلەر*

اڭا كۆيسەم يامانمۇ ........................ توپلىغۇچى : سابىرجان سىيت (32)

*كۈلكە - جان ئوزۇقى*

سىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ........................ قاھار ئابدۇرېشىت (58)

*ئەقىل دۇردانىلىرى*

ۋائىيننىڭ ئەخلاقىي ئۆگۈتلىرى ........ تەييارلىغۇچى : ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت (25)
ېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى : نۇرنىسا باقى (65)

*يا ئىشەن، يا ئىشەنمە*

ىرنامە ........................ تەييارلىغۇچى : مەتىمىن تۇردى (36)

*ئاداش - ئاداش بولايلى*

ېچەن قىز بىلەن ئەقىللىق يىگىت........................ توپلىغۇچى : ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (63)

*ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا*

ڭى چۆچەكلەر ........................ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (74)

*ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى*

نۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە............ غەيرەتجان ئوسمان (18)
غۇزنامە» ئېپوسىدىكى قەدىمكى ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ............ ئەشرەپ ئابدۇللا (44)
ئابدۇراخمان خوجا» داستانى ھەققىدە ........................ ئەلانۇر يۇسۇپ (69)

*ئادەت قېرىماس*

ملى ئۇيغۇرلىرىدىكى ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىكى ئادەتلەر ...... گۈلبەھرەم غېنى (60)

*ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك*

انلىق مۇساپە - يېقىلماس ئابىدە ........................ ياسىن زىلال (1)
سىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ............ (77)

(مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى قۇربان مۇھەممەت تارتقان)

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)
رىر ھەيئەت ئەزالىرى : ئابلىمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر)، ئەھەت ھاشىم (ئالىي مۇھەررىر)
ئەسئەت سۇلايمان (دوكتور)، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى)،
ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)، ياسىن زىلال (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر).

美　拉　斯
每双月一日出版发行
2000年第4期
（双月刊）
（总60期）

主编：
雅森·孜拉力
本期责任编辑：
玉素甫·依莎克

## 主要目录

奴西尔瓦尼阿迪力 …………………………………… 刊布者:买买提·乌斯曼(4)
论维吾尔民间故事中凯买克·艾牙尔(丑角)形象的形成 ……………………………………………………………………………… 海来提江·乌斯曼(18)
纳瓦依伦理道德语录 ……… 刊布者:吾尔买提江·阿布都热合曼·佛克热提(25)
情歌几组 …………………………………………………… 采录者:沙比尔江·赛依提(32)
鱼勇士 ……………………………………………………… 采录者:阿布来提·玉素甫(33)
梦书 ………………………………………………………… 刊布者:买买提明·吐尔迪(36)
浅论《乌古斯传》中的古代信仰与民俗 ………………… 艾西热甫·阿布都拉(44)
四个苦命者的故事 ……………………………… 刊布者:阿布都哈德尔·沙迪尔(50)
纳斯尔丁·阿凡提笑话 ……………………… 采录者:卡哈尔·阿布都热西提(58)
伊犁维吾尔人的生育习俗 ……………………………… 古丽拜克然木·艾尼(60)
机警的姑娘与聪明的小伙儿 ……………… 采录者:阿布都热西提·依布拉音(63)
警世之言 …………………………………………………… 刊布者:努尔尼沙·巴克(65)
论长诗《阿布都热合曼霍加》 ………………………………… 艾拉奴尔·玉素甫(69)
小故事几则 ……………………………………………… 采录者:艾山·特列瓦里地(72)

阿布都克力木·热合曼(教授)　阿布里米提·沙迪克(编审)
艾海提·阿西木(编审)　艾赛提·苏来曼(博士)
伊敏·吐尔逊(编审)　伊布拉音·穆提义(研究员)
雅森·孜拉力(副编审)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال

# شانلىق مۇساپە — يىقىلماس ئابىدە

(«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن)

*ياسىن زىلال*

ئۇيغۇر خەلقى رەڭگارەڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا، مول فولكلور بايلىقىغا، رەڭدار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش تارىختا قىممەتلىك مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقىزەك هالدا بارلىققا كەلتۈرگەن.

قەدىمىي مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇهىم بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ۋە رەڭگارەڭ، باي، جەزىبىكار خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى پارلاق گۆھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بەدىئىي قامۇسى بولغان خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۆزىنى ياراتقۇچى خەلقىنىڭ رىئال هاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بېرى مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلار ۋە مەلىكە ئامانىساخان دەۋرىدە ئۇيغۇر مىللىي مۇقام نەغمىلىرىنىڭ رەتلىنىشى سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ هەقىقىي يوسۇندا قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك توپلاپ رەتلىنىش باهارى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلاندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ هەقىقىي باهارى يېتىپ كەلدى. سەنئەت باهارىنىڭ ئىلهامى ۋە هاياتبەخش مېهرىدە گۈل - چېچەكلەر ئېچىلدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى، گۈزەل خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبارغا ئىگە بولدى. مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت هاياتىدا ئەبەدىي ئېپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇرلۇق يىقىلماس ئابىدە بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ 17 يىللىق شانلىق مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساپىسى جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەمدە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىي ، ئەدەبىي مىراسلىرىنى دەۋرىمىزگە تونۇشتۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ قىزغىن تەشەككۇر - تەھسىنلىرىگە سازاۋەر بولغان «مىراس» ژۇرنىلىدۇر .

«مىراس» ژۇرنىلى 17 يىللىق شادلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . ھازىرغىچە 60 سان نەشردىن چىقتى . «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 17 يىللىق مۇساپىسى ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن ، شان- شەرەپ ۋە جاپا - مۇشەققەتكە تولغان مۇساپەدۇر . «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنىڭ نەشردىن چىقىشى ئاسانغا توختىغان ئەمەس . «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر قۇرلىرىغا ۋەتەنپەرۋەر ئاپتورلىرىمىزنىڭ ، جاپاكەش مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەجرى ، ساپ يۈرەك قېنى سىڭگەن . 17 يىلدىن بېرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، «مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن ھەربىر مۇھەررىر يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاجايىپ پىداكارلىق كۆرسەتتى . مانا مۇشۇنداق تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا تولغان پىداكارلىق روھ بىلەن ئىلھاملىنىپ غەيرەتلەنگەن مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىشى نەتىجىسىدە «مىراس» ژۇرنىلى يوقلىپ كېتىش خەۋپىدىن تەكرار قۇتۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ مۇقىم مالىيە مەنبەسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا جاپا - مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ، بارغانسېرى جىلۋە- جۇلاغا تولۇپ ، مۇكەممەللىشىپ ، ئۆزىنىڭ 17 يىللىق ئەگرى - توقاي مۇساپە مەنزىلىدە ئەبەدىي نۇرلىنىپ تۇرىدىغان 60 نۇرانە ئىز قالدۇردى .

«مىراس» ژۇرنىلى 1983 - يىلى ئىچكى ژۇرنال سۈپىتىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . شۇ يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىككى سان نەشر قىلىنغان . 1986 - يىلىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىلغان . 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى تەرتىپكە سېلىش ، بىكىتىش خىزمىتىدە «مىراس» ژۇرنىلى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختىتىپ قويۇلۇپ ، 1988 - 1989 - يىللىرى نەشر قىلىنمىغان . شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ، مۇھەررىرلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1990 - يىلى ئىچكى ژۇرنال سۈپىتىدە قايتا دۇنياغا كۆز ئاچقان . 1991 - يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ تەستىقلانغان . 1999 - يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن .

«مىراس» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىدىغان ، خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىگە بېغىشلانغان بىردىنبىر ژۇرنال بولۇپ ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ژۇرنال خەلقىمىز ئەڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ژۇرنالغا ئايلاندى .

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكىدەك شۆھرەت ۋە ئىناۋەت قازىنىشى ئۇچۇن ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ، قىممەت-

لىك ياشلىق باھارىنى بېغىشلىغان جاپاكەش ، خالىس تۆھپىكار مۇھەررىرلىرىمىز مەڭگۈلۈك ھۆرمەت ـ تەشەككۈرگە مۇناسىپ !

«مىراس» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەندىن ھازىرغىچە مەرھۇم شائىر ئەرشىدىن تاتلىق ، شائىر ، ژۇرنالىست ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئابلەمىت سادىق ، شائىر ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ياسىن زىلال ھەمدە يۇسۇپ ئىسھاق ، ۋاھىتجان ئوسمان ، مۇختار مۇھەممەد ، نۇرنىسا باقى ، ئەسقەر مەخسۇت ، خۇرسەنئاي قاتارلىق پېشقەدەم ۋە ياش مۇھەررىرلەر ژۇرنالغا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى .

مۇھەررىرلىك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى ، خالىسانە پىداكارلىقنى ، مۇكەممەل بىلىم ـ ئىقتىدارنى ، ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەلەپ قىلىدىغان ھەم جاپالىق ، ھەم شەرەپلىك خىزمەت . خەلق ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ .

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى ھەمدە بۈگۈنكىدەك يۇقىرى ئىناۋەتكە سازاۋەر بولۇشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ، غەمخورلۇقى ۋە بىۋاسىتە يېتەكلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك . مەن «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىمىز ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ، جۈملىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرىمەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا باشتىن ـ ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمىزدىن سەيپىدىن ئەزىزى ، ئىسمائىل ئەھمەد ، تۆمۈر داۋامەت ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ، قەييۇم باۋۇدۇن ، غوپۇر ئابدۇللا ، مىجىت ناسىر ، مەتتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەرگە ھەمدە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سەھىپىلىرىگىچە ئۆزىنىڭ ئەقىل مەسلىھەتىنى كۆرسەتكەن ئەدىب ، ئالىم ، ئۇستازلارىدىن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوف ، مەشھۇر شائىر ، يازغۇچى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ، تىلشۇناس ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى ، پېشقەدەم شائىر ، تىل ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ، پروفېسسور ، فولكلورشۇناس ئالىم ئابدۇكېرىم راخمان ، ئالىي مۇھەررىر ئەھەت ھاشىم قاتارلىق پېشۋالارغا ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئاپتورلارغا ، خەلق سەنئەتكارلىرىغا ، ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن مۇشتەرىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن .

www.uyghurkitap.com

# نۇشىرۋانى ئادىل *

نۇشىرۋان مەيداندىن يېنىپ بارگاھقا
كەلدى . ئۇ بۇ جەڭ قىلغان ئوغۇل قەمتۇر
شاھ پەرۋىش قىلغان ، خودانىڭ ئوغلى ئى-
كەن دەپ خۇشال بولۇپ ، ئات ، سەرپاي ،
ئىنئام ـ ئېھسانلار بىلەن نامە قوشۇپ ئە-
رەجنىڭ قېشىغا بەختەكنى ئەۋەتىپتۇ .
خەتتە :

«ئى ئەرەج ، مەن يەتتە ئىقلىم پادىشا-
ھى نۇشىرۋاندۇرمەن . بۇ خۇداپەرەسلەر-
دىن تولا ئازار يەپ ، كۆپ ئەلەم تارتتىم ،
ئاخىر سېنى ئىزدەپ ئاتاڭ قەمتۇرشاھنىڭ
قېشىغا كەلدىم . ئاتەشگەردە بىلەن قۇتبە
دەۋران مەدەت بېرىپ بۇ خۇداپەرەسلەرنىڭ
نەچچىنى پەنگە تارتتىڭ . نەچچىسىگە زەخمە
بەردىڭ . ئەمدى بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل-
گىن ، بۈگۈن كىچە قۇتبە دەۋراننىڭ قې-
شىغا بېرىپ ، يۇرتتىن ساڭا مەدەت تىلەپ
بېرەيلى . بۇت ھەم سەندىن رازى بولسۇن»
دېيىلگەن . ئەرەج بۇ سۆزنى ئۇقۇپ دەرغە-
زەپ بولۇپ ، ھورمۇز ، قەباد ، بەختەك بۇ
ئۈچ سەردارنى باغلاپ ، ھەربىرىنىڭ پەلل-
كىگە توققۇزدىن مۆھۈر ئۇردۇرۇپ قويۇپ
بەردى . ئۇلارغا :

— بېرىپ نۇشىرۋان بىلەن قەمتۇر
شاھقا ئېيتىپ قويغىنكى ، ئاتەشگاھىدىن ،
قۇتبە دەۋران دېگەن بۇتتىن تېنىپ ، ئاپ-
تاپ خۇداغا سەجدە قىلسۇن . «تۇردالى
پەيغەمبەر» نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىقرار
قىلسۇن ، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بول-
سا ، مەن خۇداپەرەسلەرنى يوقىتىپ بو-
لۇپ ، ئاندىن كېيىن ئاتەشگاھ بىلەن بۇت-
خانىلارنى ۋەيران قىلمىسام «تۇردالى پەي-
غەمبەر» نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمەن ، —
دەپ شەرت قىلدى . بۇلار قوللىرى باغلاق-
لىق ، يالىڭاچ ھالدا يىغلىشىپ نۇشىرۋان-
نىڭ قېشىغا كەلدى . نۇشىرۋان بىلەن
قەمتۇرشاھ كۆپ پەرىشان بولدى . بەخ-
تەك :

— ئى پادىشاھ ، مەن چىقىپ «تۇر-
دالى پەيغەمبەر» نىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ
كېلەي ، — دەپ كەركەس ساسانىنى ھەم-
راھ قىلىپ ، «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ
زەڭگەر چېدىرىنىڭ تۈۋىگە كەلدى . كۆردى-
كى ، ھېچ كىشى يوق ، ئەسىرلەر قاتار
باغلاقلىق يېتىپتۇ . يۇرغۇي باشلىق ئون
ئىككى ئەييارمۇ بەندتە تۇرىدۇ . بۇنى كۆ-
رۈپ بەختەك ئەجەبا بۇ ئەييارلار جەڭگە
كىرمىگەنىدى ، قانداق بولۇپ بۇ يەردە
بەنتكە چۈشۈپ قالغاندۇر ، سوراپ باقاي ،
دەپ ئەييارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىماق-
چى بولۇپ يېقىن بېرىشىغا ماڭلىيىغا بىر
نەرسە كېلىپ تەگدى ـ دە ، يىقىلدى . ھو-
شىغا كەلسە ، قىپيالىڭاچ ھالدا پەھلىۋانلار
قاتارىدا بەندىلىنىپتۇ . كەركەس ساسانى
ئارقىغا قاچتى ۋە كۆردىكى ، بەختەكمۇ يى-
قىلدى . يالىڭاچلىنىپ باغلاققا چۈشتى .
پەھلىۋانلارنىڭ بويىنىغا چۈشكەن زەنجىر
ئۇنىڭمۇ بويىنىغا چۈشتى . ئەمما بۇ ئىشلار-
نى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەلمىدى . بۇ
كارامەتتىن ھەيران بولۇپ تۇراتتى ، بىر
نېمە «شاق» قىلدى . بىر تۆمۈر زىخنى
بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ چېدىرنىڭ
ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ ، ھېلىقى غايىب
كىشى ئۇنىڭمۇ قول ـ پۇتلىرىنى مەھكەم

---

* بېشى بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2 ـ سانىدا

باغلاپ بەختەكنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قوي-
دى .

ئەلقىسسە : تاڭ ئاتتى . بۇ تەرەپتىن
ئەبۇلئەلى ، ئۇ تەرەپتىن نۇشىرۋان سەپ
تۈزۈپ جەڭگە تەييارلاندى . ئەرەج يىگىرمە
مىڭ لەشكىرى بىلەن «تۇردالى پەيغەمبەر»
نىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئاپتاپقا سەجدە قى-
لىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن : «يا ئاپتاپ خۇ-
دا ، 〈تۇردالى پەيغەمبەر〉 ، تاق بېرىشتە ،
قاق بېرىشتە ، ساق بېرىشتە ، چاق بېرىش-
تە» دەپ تەسبىھ ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ . ئىك-
كى تەرەپنىڭ پادىشاھ ۋە لەشكەرلىرى ئاڭ-
لاپ ھەيران قالدى . چۈنكى ھېچ كىشى
بۇنداق ئىشنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان-
دى . كۈن ئۆرلەپ چىقتى . ئاندىن ئەرەج
لەشكەرلىرى بىلەن سەپ تۈزدى . ئەرەج
مەيدانغا كىرىپ پەرياد قىلدىكى :

— ئى ئەبۇلئەلى خۇداپەرەس ، كىر-
گۈزسەڭ تۈزۈكرەك پەھلىۋان كىرگۈز-
گىن ، بولمىسا ئۆزۈڭ كىرگىن ، ئەگەر
قورقساڭ ئاپتاپ خۇداغا سەجدە قىلىپ ،
«تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ بەرھەقلىكىگە
ئىقرار قىل . بولمىسا سەن يەر يۈزىدە
«تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ ھېچقانداق دۈش-
مەنلىرىنى قويمايمەن ! ئەبۇلئەلى :

— ئى پەھلىۋانلار ، بۈگۈن ھېچكىم
جەڭگە كىرمىسۇن ! تۈنۈگۈن جەڭدە ئىنتا-
يىن نومۇسقا قېلىپ نۇرغۇن پەھلىۋانلار-
دىن ئايرىلدۇق . كىرىشكە توغرا كەلسە ،
ئۆزۈم كىرەي ، — دەپ ئاگاھلاندۇردى .
شۇ ئەسنادا بىر كىشى كېلىپ ئەبۇلئەلىگە
بىر نامە سۇندى . ئەبۇلئەلى نامەنى كۆرگە-
نىدى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇر خەتتە : «ئى
ئەبۇلئەلى ساھىبقىران ، سىز قەمتۇر شاھ-
نىڭ شەھىرىگە داخىل بولغان كۈندىن
باشلاپ قىرىق كۈنگىچە سىز تەرەپ لەش-
كەرگە نىجىس كۈندۇر . سىزگە تېخى ئون
كۈن بولدى . يەنە ئوتتۇز كۈنگىچە ھەرگىز
جەڭگە كىرمىگەيسىز . ئى پەھلىۋانلار ، ئە-
بۇلئەلىنى ھەرگىز جەڭگە كىرگىلى قوي-
ماڭلار !» دەپتۇ .

لەندىھۇر ، ئەلەمشاھ قاتارلىق تامام
پەھلىۋانلار ئاتتىن چۈشۈپ ئەبۇلئەلىگە تە-
زىم قىلىپ :

— ئى سۇلتانى ئالەم ، بىز ۋە قولى-
ڭىزدا ئەللىك - ئاتمىش لەك لەشكەر تۇ-
رۇپ قورقۇپ ياتامدىمىز ، بىز جەڭ قىلى-
مىز ، يېڭىلسەك سىز كىرىڭ ، — دېدى .

— ئى پەھلىۋانلار ! — دېدى ئە -
بۇلئەلى ، — خوجا مېنىڭ ئاتامدۇر . خو-
جىنىڭ سۆزىگە كىرمىسەم يامان كۈنگە قا-
لىمەن . جەڭگە كىرسەڭلار سىلەر كىرىڭ-
لار ، ئەمما ئەرەجنى ئۆلتۈرمەڭلار . چۈن-
كى ئەرەج ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بولۇپ
قېلىپ پۇشايماندا قالمايلى .

پەھلىۋان مەئدى ئەبۇلئەلىدىن رۇخ-
سەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى . ئۇنىڭ ئال-
دىغا بېرىپ :

— ئى ئەرەج دېگەن ئاپتاپپەرەس !
تۈنۈگۈن بىرقانچە ئۇششاقلارنى زەخىملەن-
دۈرۈپ ، بەنگە تارتقىنىڭغا ھەددىڭدىن ئې-
شىپ كەتمىگىن . ئەمدى مەن كەلدىم ،
ساقداقلىرىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئالدىمغا
كەل ، ھەزرەت ئەبۇلئەلىدىن گۇناھىڭنى
تىلەپ قوياي . ھەزرەت ئەبۇلئەلىنىڭ ھەم
ساڭا ھىممەتلىرى باركى : «ھەركىم مەي-
دانغا كىرسە ئەرەجنى ئۆلتۈرمەڭلار ، ئە-
رەجنى ئاياڭلار» دەپ تۇرۇۋاتىدۇ . تەسلىم
بولساڭ ئۆز پەرزەنتلىرى قاتارىدا كۆرىدۇ .
ئەگەر ئۇنىمايدىغان بولساڭ ، ھېلى كۆرۈپ
تۇرغىن ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ - قۇۋۋەتتۇر ،
ساڭا قول سېلىپ ، قۇرغۇي قۇشقاچنى
ئالغاندىمۇ ئاسانراق چاڭگىلىمغا ئېلىپ ،
ھەزرەت ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارد-
مەن ، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئىززەتسىز بولۇپ
قالىسەن ، — دەپ ھەيۋە قىلدى .

ئەرەج ئۇنىڭ قەددى - قامىتىنى كۆ-
رۈپ قورقتى . ئاندىن :

— ئى پەھلىۋان ! بىردەم تەخىر قى-
لىپ تۇرغىن ، مەن بېرىپ «تۇردالى پەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەمبەر» دىن سوراپ كېلەي ، — دەپ چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» بىر پەھلىۋان كېلىپ مېنى قورقىتىپ قەددىنى كۆرسەتتىكى ، «مانا شۇنىڭ ھەممىسى كۈچ» دەيدۇ . بۇ ئالەمدە ئۇنىڭدىنمۇ يوغان پەھلىۋان بارمىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئى ئەرەج ، قورقما ، — دېدى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، — ئۇنىڭ دېگىنى كۈچ ئەمەس . ساڭا ھەيۋە قىلغان كىشى ئاپتاپ خۇدانىڭ دۈشمىنى شۇ . ئۇنى قاتتىق ئۇرغىن ، ئۇنى پەھلىۋانلاردەك ئېلىپ كەلمەي ، پۇتىدىن باغلاپ مەيداندىن باش ـ ئايىغى بىلەن سۆرەپ ، مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلسەڭ ئاپتاپ خۇدا سەندىن رازى بولىدۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى . ئەرەج مەئدىننىڭ يېنىغا بېرىپ :

— ئى ئادىل ! «تۇردالى پەيغەمبىر» نىڭ ئېيتىشىچە ، ئاپتاپ خۇدانىڭ دۈشمەنى سەن ئىكەنسەن ، ئۆزۈڭگە پەخەس بول ، ئارمىنىڭ قالمىسۇن ، ئەمدى سېنى شۇنداق ئاقىۋەتكە سالايكى ، سېنى «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا كۆرسەن ! — دەپ ھەيۋە قىلدى . مەئدى كۆرۈپ ، نۆۋەتنى بۇنىڭغا بەرگىلى بولمايدىكەن ، دەپ گۇرزىنى ئېلىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ نەرە تارتىپ ئەرەجنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى . ئەرەج بېشىغا سىپەر تۇتۇپ بەردى ، گۇرزە بىلەن سىپەردىن چىققان ئاۋازنىڭ ساداسى پەلەككە يەتتى . مەئدى گۇرزىنى ئۇرۇپ ئۆتۈپ كۆردىكى ، ئەرەج ھېچنېمە بولماپتۇ . يەنە ئاتنى يۈگۈرتۈپ كېلىپ ئىككى قوللاپ گۇرزە بىلەن ئەرەجنىڭ بېشىغا ئۇردى . بۇ زەربىگە ئەگەر دىۋە بولسىمۇ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتەر ئىدى . ئەمما ئەرەج پىسەنت قىلمىدى . ئۈچىنچى نۆۋەت پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن شۇنداق گۇرزە ئۇردىكى ، ئەرەج ئۇنىمۇ ئۆتكۈزىۋەتتى . پۈتۈن لەشكەر ئەرەجكە ئاپىرىن ئوقۇدى . نۆۋەت ئەرەجگە كەلدى . شەمشەر ئېلىپ مەئدىننىڭ بېشىغا سالماقچى ئىدى ، «تۇردالى پەيغەمبەر» توۋلاپ :

— ئى ئەرەج ، كۆزۈڭنۈشتە شەمشەرنى كۆتۈرۈپ بېرىپ شەمشەرنى ئىشلەتمەي قورسىقىغا مۇشت ئۇرغىن ، ئاندىن باغلاپ ئېلىپ كەلگىن ! — دېدى . ئەرەج قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ ئاتنى يۈگۈرتۈپ ماڭدى . مەئدى سىپەرنى ئىككى قوللاپ بېشىغا تۇتۇپ تۇردى . يېنىغا بېرىپ شەمشەرنى بېلىگە قىستۇرۇپ قورسىقىغا بىر مۇشت ئۇرغانىدى ، مەئدى بىھوش بولۇپ يىقىلدى . ئەرەج كېكىردەكتىن تۇتۇپ ، ئىككى پۇتىنى كەمەندە بىلەن باغلاپ سۆرەپ مىڭ بىر تەسلىكتە ئېلىپ كەلدى ۋە :

— مانا «تۇردالى پەيغەمبەر» ، دۈشمىنىڭىزنى تۇتۇپ كەلدىم ، — دەپ تاشلىدى . خوجا ئەمرى چىقىپ مەئدىنى يالئاچلاپ قول ـ پۇتلىرىغا زەنجىر سېلىپ ، بەدىنىگە ئاچچىق ياغ سۈۋاپ ، قىزىق ئاپتاپقا قويدى . ياغ ئاپتاپتا قىزىغانسېرى مەئدىننىڭ تېرىسى ئوتقا تۇتقان كاۋاپتەك يېرىلىپ كەتتى . ئاغرىققا پايلىماي ھەر قىسما ئاۋاز بىلەن نالە قىلىشقا باشلىدى . ئەرەج يەنە مەيدانغا بېرىپ چوقان كۆتۈردى . مەئدىننىڭ ئوغلى باھادىر كىردى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇز ـ قىرىق قېتىم ھۇجۇم بولدى . ئاخىر ئەرەجنىڭ زەربىسىدە يارىلىنىپ مەيداندىن چىقتى . شاھزادە شەرۋىيە مەيدانغا كىرىپ ئەرەجگە شەمشەر سالدى . ئەرەج شەمشەرنى ئۆتكۈزۈپ ، بەلدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يەر ئۇرۇپ باغلىدى . شەرافكەندە ، سەئىدنەبىر قاتارلىق نەچچە پەھلىۋانلار مەيدانغا كىردى . ھەممىسى قولىغا چۈشتى . گاھىسى مەيداندىن قېچىپ چىقتى . ئەلەمشاھ ئاتلىق داڭدار پەھلىۋان غەزەپ بىلەن مەيدانغا چۈشتى . كۈچ بولغۇچە يەتمىش ـ سەكسەن قېتىم ئېلىشىپ ، ئاخىر ئەرەجدىن زەربە يەپ مەيداندىن چېكىندى . ھەر تەرەپ لەشكەرلىرى

دۇمباق چالدى . ھەممىسى ئۆز بارگاھىغا ياندى . ھەزرەت ئەبۇلئەلى ناھايىتى پەرىشان بولۇپ شاراب ئىچكىلى تۇردى . نۇشىرۋانمۇ ، ئەرەجمۇ ئۆز بارگاھىغا چۈشۈپ ئارام ئالدى . نۇشىرۋانغا «بەختەك بىلەن كەركەس ساسانى بەنتىگە چۈشۈپتۇ» دەپ خەۋەر يەتتى . بۇنى ئاڭلاپ خوجا ئابۇزەر جەمھۇردىن مەسلىھەت سورىدى . خوجا دېدىكى :

— بۇنىڭغا بەختەكنىڭ ماللىرىدىن ئېلىپ بېرىپ تىلىسەڭلار جەزمەن بېرىدۇ . نۇشىرۋان سورىدىكى :

— ئى خوجا ، پەيغەمبەر پارا يەمدىغاندۇ ؟

— بۇ پارا يېمەيدىغان پەيغەمبەرلەردىن ئەمەس ، — دېدى خوجا ، — بۇ پەيغەمبەر پارا بىلەن ھاۋالە ئالىدۇ ، ئالتۇنغا تېخىمۇ ئامراق .

نۇشىرۋان بۇيرۇپ ئىككىسىنىڭ مال- مۈلكىدىن كۆپلەپ ، نۇرغۇن جاۋاھىر بىلەن كىشى ئەۋەتتى . ئۇ مالنى ئېلىپ «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ چېدىرىغا بېرىپ :

— ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، بۇ نىيازنى نۇشىرۋان ئادىل ئەۋەتتى . «تۇرالى پەيغەمبەر» ئاپتاپ خۇدانىڭ پەيغەمبەردۇر ، سىلەر بېرىپ بەختەك بىلەن كەركەس ساسانىنى تىلەپ كېلىڭلار ، دەپ ئەۋەتتى ، — دەپ تۇرغانىدى ، خوجا ئەمردىن ئاۋاز كېلىپ :

— ئى ئاتەش ، مەن بۇ ئىككىسىنى بەردىم ، ئېلىپ كېتىڭلار ، ئەمما نۇشىرۋان پۇل - مالنى كۆپ ئېلىپ كېلىپ ئاپتاپ خۇدادىن تىلىسە ، ئاپتاپ خۇدا ئەبۇلئەلى ئەرەبتىن نۇشىرۋاننىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدۇ . خۇدامۇ كىشىدىن ئالسا ، كىشىگە بېرەلەيدۇ ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمۇ شۇنداق ، ئېلىشنى بىلمىگۈچى بېرىشنى قانداق بىلسۇن ، خۇدا ، پەيغەمبەر دېمەكلىنىڭ بىر تەرەپتىن ئالغۇچى ، تىلىگەنلەرگە بەرگۈچى دېمەكتۇر ، — دېدى .

كەلگەنلەر بەختەك بىلەن كەركەس ساسانىنى ئېلىپ نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا كەلدى . نۇشىرۋان يەنە بىر خەزىنە مال ئەۋەتتى . «تۇردالى پەيغەمبەر» دۇئا قىلىپ مالنى ئالدى . بۇلار كېلىپ نۇشىرۋانغا ئېيتتى . نۇشىرۋان خۇشال بولۇپ كۆڭلىدە : «شۇنچە پەھلىۋانلارنىڭ يالغۇز ئەبۇلئەلى ئەرەبكە كۈچى يەتمىگەن ئىدى ، ئەمدى قۇتبە دەۋران دېگەن بۇت يۆلىسە ، ئاپتاپ خۇدانىڭ پەيغەمبىرى مەدەت بەرسە ، بۇ ئەرەبلەردىن ئىنتىقامىمنى ئالىدىغان بولدۇم» دەپ سۆيۈندى .

ئەتىسى يەنە ئۈچ تەرەپ جەڭگە تەييارلاندى . ئەرەج ئۆزىگە تاقابىل* تىلىدى . مالىك قاسىم كىردى . ئەرەجنى كۆرۈپلا كۆڭلى سۇدەك ئېرىدى . سورىدىكى :

— ئى ئەرەج ، سەن كىمنىڭ پەرزەنتى ، ئاتاڭدىن قالغان بىرەر نامە - نىشانىڭ بارمۇ ؟

— ئى خۇداپەرەس ! — دېدى ئەرەج ، — مېنى ئاپتاپ خۇدا ياراتقانىكەن . بىر زەر يىپلىق نىمچىگە يۆگەپ توغراقنىڭ كوڭتىيىدە قويغانىكەن . خوجا نەنساپ سودىگەر مېنى پەرۋىش قىلىپ ، چوڭ بولغىنىمدا قەمتۇر شاھقا بەرگەن . مەن بىلمەي قەمتۇر شاھ بىلەن بۇتپەرەسلىك قىلىپ يۈرۈپتىمەن ، ئەسلىدە مېنى ئاپتاپ خۇداسى ياراتقانىكەن . ئۇ تۆت ئۇلۇغ مەقرەپ پەرىشتەنى ئەۋەتىپ تۇردالى پەيغەمبەرنى باشلاپ كەلدى . مەن ئىمان كەلتۈردۈم ، ئاپتاپ خۇداغا سەجدە قىلدىم . ئاپتاپ خۇدا پەيغەمبىرى ماڭا «ئاپتاپ خۇدا ، تۇردالى پەيغەمبەر ، چاق بېرىشتە ، تاق بېرىشتە ، قاق بېرىشتە ، ساق بېرىشتە» دېگەن ئايەتنى ئۆگەتتى ، ئاندىن مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇپ يۈرۈپ خۇداپەرەسلەر بىلەن جەڭ قىلىشنى بۇيرۇدى . ئەگەر مەندىن قۇتۇلاي دېسەڭ

① مۇبازىر : يەككىمۇ يەككە جەڭ قىلغۇچى پەھلىۋان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاپتاپ خۇداغا بەندە بولۇپ، تۇردالى پەي-
غەمبەرگە ئىقرار قىلغىن. مالىك قاسىم:
— ئى پەرزەنت: سەن بىلمەيسەن،
سەن مېنىڭ ئوغلۇم، ئاناڭنىڭ ئىسمى پې-
رى چېھرە، ئۇ قەمتۇر شاھنىڭ قىزىدۇر.
ئاناڭ ساڭا ھامىلە ۋاقتىدا بىز ئىككىمىز
ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن قاچ-
تۇق، قەمتۇر شاھ بىلىپ قېلىپ ئارقى-
مىزدىن قوغلىدى، مەن جەڭ قىلدىم. ئا-
ناڭ سېنى تۇغدى، بىز ئىلاجسىز قال-
دۇق. ئاخىر بىر زەر يىپ ئىمچىگە يۆ-
گەپ، بىر دەرشەب چىراغ، يەنە بىرقانچە
جاۋاھىرلارنىمۇ قوشۇپ، مېنىڭ لەئىل
قاپلىق تۇمارىمنى بوينۇڭغا ئېسىپ، خۇ-
دايتائالاغا ئامانەت قويۇپ چىقىپ كەتتۇق.
سەن مېنىڭ پەرزەنتىمدۇرسەن. كەل ئۇ-
رۇشمايلى، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا
كىرگىن. ئاپتاپ دېگەنمۇ خۇدانىڭ بىر
بەندىسىدۇر! — دەپ كۆپ نەسىھەت قىل-
دى. ئەرەجنىڭ كۆڭلى كۆيدى، ئەمما بى-
لمىدۇرمىدى. ئۇ:
— ئى خۇداپەرەس، «تۇردالى پەي-
غەمبەر» ماڭا ئۇنداق دېمىدى، — دەپ
مالىك قاسىمغا شەمشەر سالدى. مالىك قا-
سىم بېشىغا سىپەر تۇتۇشقا ئۈلگۈرەلمەي،
شەمشەر دۇبۇلغىسىغا چۈشتى. دوبۇلغىنى
كېسىپ بېشىغا ئىككىلىك پاتتى. مالىك
قاسىم شۇئان چاققانلىق بىلەن مەيداندىن
قېچىپ چىقتى.

بەدىئۈززامان ئاچچىقلاپ مەيدانغا
چۈشتى، ئەرەجنىڭ ئۈچ زەربىسىنى ئۆت-
كۈزۈپ بىر گۈرزە سالدى. ئەرەج مىنگەن
ئاتنىڭ بېلى سۇندى. پۇتى ئۈشۈقىغىچە
يەرگە پاتتى. بەدىئۈززامان يەنە ئارقا-
ئارقىدىن ئىككى گۈرزە سالدى. ئەرەج پى-
يادە بېشىغا سىپەر تۇتۇپ ئۆتكۈزدى، ئەم-
ما ئەرەجنىڭ بەدەنلىرى تونۇردەك قىزىپ
كەتتى - دە، يەنە بىر گۈرزىگە چىدىغۇدەك
تاقىتى قالمىدى. بېلىدىن شەمشىرىنى ئې-
لىپ بەدىئۈززامانغا يۈگۈردى. بەدىئۈززا-
مان بېشىغا سىپەر تۇتۇپ قولىنى كۆتۈر-
دى. ئەرەج شەمشەرنى سىپەرگە سالماي
قولتۇقىغا شۇنداق ئۇردىكى، تۆت زەخمە
بىلەن ئىككى پارە بولغىلى ئاز قالدى.
بەدىئۈززاماننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى.
بۇ كۈنى كەچكىچە ئەرەج جەمئىي ئون
سەككىز پەھلىۋانغا زەخمە بەردى. ئون
ئىككى پەھلىۋاننى تۇتۇپ بەندكە تارتتى.
ھەزرەت ئەبۇلئەلى ناھايىتى پەرىشان بول-
دى.

ئەتىسى ئۈچ تەرەپ لەشكەرلىرى يەنە
جەڭگە تەييارلىنىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى.
ئەرەج ئاپتاپ خۇداغا سەجدە قىلىپ، «تۇر-
دالى پەيغەمبەر» نىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئۇنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ مەيدان-
غا كىرىپ مەرد تىلىدى. بۇ تەرەپتىن ئەل-
جۇپ ئالتە گەز دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەھ-
لىۋان مەيدانغا كىردى. ئەرەج كۆردىكى،
بۇ شۇنداق ئاجايىپ ئادەم بولۇپ ئېگىزلى-
كىمۇ ئالتە گەز، توغرىسىمۇ ئالتە گەز،
قارا چىپتادىن ئىمچە كىيىۋاپتۇ. كۆكسى-
دىن تاكى ئىمچىنىڭ پېشىگىچە تۈگمە قا-
داپتۇ. پۇتىغا ئاتمىش پاتمان پولات ئۆتۈك
كىيىپتۇ. ئۆتۈكىنىڭ چۆرىسىگە پولات مىخ
قاداپتۇ. ئىگەرنىڭ قېشىغا بىر پولات ساد-
ۇق بېكىتىپتۇ. ھېچقانداق قورالمۇ يوق،
دۇبۇلغىمۇ كىيمەپتۇ. سىپەرمۇ تۇتماپتۇ.
ئەرەج بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى - دە:
— ئى خۇداپەرەس! نېمە بىلەن جەڭ
قىلىسەن؟ — دەپ بىر شەمشىر سالدى،
ئەلجۇپ ساندۇقتا كىرىۋالدى. شەمشەر
ساندۇقتا تېگىپ ئىككى پارە بولدى. ئەرەج
شەمشەرنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرغانىدى،
ساندۇقتىن بىر ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقىشى
بىلەن ئىچىدىن ئوت چىقىپ ئەتراپقا شىد-
دەت بىلەن كېڭەيدى. ئەرەجنىڭ كۆڭلى
ئاينىغاندەك بولدى. يەنە قارىسا، ئەلجۇپ
چىقىپ ئىگەردە ئولتۇرۇپتۇ. ئەرەج دەر-
غەزەپ بىلەن شەمشەر سالدى. ئەلجۇپ يەنە
ساندۇقتا كىرىۋالدى. شەمشەر ساندۇقتا

تېگىپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى . ئەرەج قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ بىر ئوق ئاتتى ، ئوق ساندۇققا تېگىپ سۇندى ، ئەرەج هەيران قالدى . ئەلجۇپ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بىر چۆرۈلۈپ يەنە بىر تۈگمىسىنى يەشكەندى ، بىرقانچە نەغمىكەش يىگىتلەر قوللىرىدا هەر خىل چالغۇلارنى تۇتۇپ نەغمە قىلىپ ، ئەرەجنى قىچىقىرىپ ئۆتتى . ئەرەج قاراپ تۇرۇپ ، بېشى قېيىپ مەستىتەك بولۇپ قالدى . ئالاهازەل توققۇز قېتىم چۆرۈلۈپ توققۇز تۈگمىنى يېشىپ ، هەربىرىدە بىر ئالەمنى كۆرسەتتى . توققۇزىنچىسىدە ئەرەجنىڭ ئەقلى يوقاپ ، كۆڭلى ئاينىپ مەست بولغاندەك بولۇپ بېشىنى ئاتنىڭ يايلىغا قويدى . ئەلجۇپ ساندۇققا بىر تېپىپ ، قىرىق گەز هاۋاغا ئۆرلەپ ئەرەجنىڭ ئىككى دولىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شۇنداق تەپتىكى ، ئەرەجنىڭ ئىچىگە قان تولدى . ئەلجۇپ ئەرەجنى باغلىدى . خوجا ئەمرى كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىپ ئەلجۇپقا بىر شىشە يېقىلغۇ چېچىپ ئوت يېقىۋەتتى ، ئەلجۇپقا ئوت تۇتاشتى ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى كۆيۈپ ئەرەجنى تاشلاپ مەيداندىن قاچتى . خوجا ئەمرى ئەرەجنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ خەلقىگە تاپشۇردى . هەممە پەهلىۋانلار ئۆز لەشكەرگاهىغا ياندى . ئەبۇلئەلى بارگاهىغا كېلىپ ئەرەج توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى . باهادىر كىرەپنىڭ ئوغلى ئەسهەد ئەبۇلئەلىگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ياسۇلتان ، ئەرەجنىڭ جېڭىگە ماڭا رۇخسەت بەرسىلە . لېكىن ئۆزلىرىدىن ئۈچ نەرسە تىلەيمەن . بىرى ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قىلىچلىرى ، بىرى ، كۆهقاپتىن ئەكەلگەن كەمەندە . يەنە بىرى ، سالىه پەيغەمبەرنىڭ قورالىدۇر .

ئەسهەدنىڭ ئەرەجنىڭ تاقابىلى ئەمەسلىكىنى ئەبۇلئەلى بىلەتتى . ئەمما رۇخسەت بەرمىسە ئىلاج يوق ئىدى ، چۈنكى ئۇ ساراڭ مىجەز ئىدى . ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئەسهەدنىڭ دېگەنلىرىنى بەردى . ئاندىن :

— يا هەزرەت سۇلتان ، ئەرەج ئەلجۇپنىڭ زەربىسىدىن ئۈچ كۈنگىچە هوشىغا كېلەلمەيدۇ ، مەن بېرىپ لەشكەرلىرىمگە تەلىم بېرىپ ئەرەج هوشىغا كەلگۈچە ۋاقتىدا يېتىپ كەلسەم ، — دەپ رۇخسەت سوراپ ئون سەككىزمىڭ قازاقلىرىنى ئېلىپ تاغنىڭ ئارىسىغا ئۆتۈپ كەتتى . ئەرەج ئۈچ كۈندە ئەسلى هالىغا كەلدى . يەنە چىقىپ سەپ تۈزۈپ «تۇردالى پەيغەمبەر»نىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، بۇ ئوغرى بىلەن قايسى يوسۇندا جەڭ قىلىمەن ؟ — دەپ سورىدى . تۇردالى :

— ئى ئەرەج ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشتا ئاۋۋال سەن هۇجۇم قىلغىن ، نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە ئۇ ساندۇقتىن چىقىپ ، تۈگمىلىرىنى يېشىپ ساڭا كۆكسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ چاغدا سەن كۆزۈڭنى يۇمغىن ـ دە ، كۆكسىگە هەرگىز قارىمىغىن ، تاكى توققۇز قېتىم چۆرۈلۈپ هەر قېتىمدا كۆكسىنى ئاچقىلى تۇرغاندا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاتنىڭ يايلىغا يىقىلغىن ، سېنى تېپىمەن دەپ يېقىن كەلگەندە بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ئاستىڭغا باسقىن ، گېلىنى چىڭ بوغقىن . بولمىسا سېهىر قىلىدۇ . ئاغزىغا پۈرغۈندە ئەييارنى تىقىپ تۇتقۇن قىلغىن ، ئۇنىڭ ئىلاجىسى شۇدۇر ، — دەپ تەلىم بەردى .

ئەرەج ئاندىن مەيدانغا كىردى . ئەلجۇپ كېلىپ روبىرو بولدى . ئەرەج ئۈچ نۆۋەت هۇجۇمغا ئۆتتى . ئەلجۇپ ساندۇققا كىرىۋېلىپ ئۆتكۈزدى . نۆۋەت ئەلجۇپقا كەلدى . ساندۇق تۆپىسىگە چىقىپ كۆكسىنى كۆرسەتكىلى تۇردى . ئەرەج كۆزىنى يۇمۇپ ئاتنىڭ يايلىغا يىقىلىۋالدى . ئەلجۇپ تەپكىلى كەلدى . ئەرەج بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇۋالدى . ئاستىغا باسقىدەك بىر سىلكىپ ساندۇققا چىقىپ ئولتۇر-

دى . ئىككى پاي ئۆتۈكى ئەرەجىنىڭ قولىدا
قالدى . ئەلجۇپ ئىككى پۇتىنى سۇنۇپ ئۆ-
تۈكنى ئىشارەت قىلغانىدى ، ئەرەجىنىڭ قو-
لىدىن چىقىپ قۇشتەك ئۇچۇپ بېرىپ ئەل-
جۇپنىڭ پۇتىغا كىيىلدى . ئەرەج ھەيران
قالدى ، دەرھال «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ
ئالدىغا بېرىپ :

— بۇ سېھىرگەرنىڭ ئۆتۈكىنى توخ-
تىتالمىدىم . قولۇمدىن چىقىپ قاچتى ،
ئەمدى قانداق قىلىمەن ، — دەپ سورى-
دى .

— ئى ئەرەج ، سەن بېرىپ يەنە ھۇ-
جۇمغا ئۆتكىن ، نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە ئۇ
يەنە چۆرۈلىدۇ ، قارىغان بولۇپ كۆزۈڭنى
يۇمۇۋال ، توققۇزىنچى مەرتىۋىدە ئاتنىڭ
يايلىغا سىرىلغىن . سېنى تەپكىلى كەلگەن-
دە ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ئىككى پارچە
قىلىپ يىرىۋەتكىن ، — دەپ تەلىم بەر-
دى .

ئەرەج كىرىپ ئەلجۇپقا روبىرو بول-
دى ، ئەرەج ئۈچ نۆۋەت زەربە ئۇردى . ئەل-
جۇپ ئۆتكۈزدى . نۆۋەت ئەلجۇپقا كەلدى .
كۆكسىنى ئېچىپ توققۇز قېتىم كۆرسەت-
تى ، ئەرەج كۆزىنى يۇمۇۋالدى . ئەلجۇپ
بۇ نۆۋەت پۇتۇن غەزىپى بىلەن ئىككى يۈز
گەز سەكرىدى . يېقىن كەلگەندە ئەرەج بې-
شىنى كۆتۈرۈپ ، ئەلجۇپنىڭ ئىككى پۇتى-
دىن تۇتۇپ ، ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى .
ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ پەرياد - پە-
غانلىرى پەلەككە يەتتى . ھەزرەت ئەبۇلئە-
لى دەرغەزەپ بولۇپ جەڭگە ئۆزى كىرمەك-
چى بولدى . لەندىھۇر پىلدىن چۈشۈپ :

— يا سۇلتان ، پەھلىۋانلار ئايىغاننى
بۇ ئاپتاپپەرەس بىلمىدى . مەن كىرىپ بىر
گۈرزە بىلەن ئۇستىخانلىرىنى لەختە -
لەختە قىلىپ ، قېنىنى تۇپراققا ئىلەشتۇ -
رۇۋېتەي ! — دېدى . بۇلار شۇ سۆز ئۈس-
تىدە تۇراتتى ، ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرى-
نىڭ تۆت ئەتراپىدىن چۇقان چىقتى . كۆر-
دىكى ، ئون سەككىز مىڭ قازاقلىرىنى باش-
لاپ ئەسھەد ئات سىلىپ كەپتۇ . بۇلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئېگىنى بارغاق ، بېشىدا قال-
پاق ، بېلىدە ساغراق ، بىر قولىدا توقماق ،
بىر قولىدا تېكە مۈڭگۈزىدىن بۇرغۇي تۇ-
راتتى . بۇرغۇيلىرىنى چېلىپ كېلىپ ئە-
بۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى .
كىمكى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالسا ،
توقماقلىرى بىلەن ئۇراتتى . «بۇ نېمە بالا-
دۇر» دەپ شۇنداق قارىشىغا بىرى كېلىپ
بىرىنىڭ بېشىدىكى تاجىنى ، دۇبۇلغىنى ،
قىلىچىنى ، خەنجەرلىرىنى ئېلىپ كېتەت-
تى . بۇنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلگىلى
بولمايتتى . تۆت تەرىپىدىن تۆت يېرىم بۆ-
لۈنۈپ لەشكەرلەرگە تەگكەن قازاق ئۇياد-
دىن كەلگىنى بۇيانغا ، بۇياندىن كەلگىنى
ئۇيانغا ئۆتۈپ لەشكەرلەرنىڭ ھەممە نەرسى-
سىنى بۇلاپ ،.ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي ئې-
لىپ چىقىپ كەتتى . بىر كەمدە يەنە بۇر-
غۇيلىرىنى چېلىپ جەم بولۇپ ، ئەرەجىنىڭ
لەشكەرلەرگە قارشى سەپ تۈزۈپ تۇردى .
ئەبۇلئەلى كۆردىكى ، ئەسھەد ئون سەككىز مىڭ
قازاقنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ بۇ
ئىشلىرىغا ھەممە لەشكەرلەر ھەيران بولۇپ
تۇرۇشتى . شۇ ئەسنادا ئەسھەد ھەيۋەت بى-
لەن ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ئەرەجىنىڭ ئال-
دىنى توستى ۋە :

— ئەبۇلئەلىنىڭ پەھلىۋانلىرىغا
كۆرسەتكەنلىرىڭنىڭ جازاسىنى بەرگىلى
كەلدىم ! — دەپ ئۈچ نۆۋەت ھۇجۇم قىل-
دى . ئەرەج ئۆتكۈزدى . نۆۋەت ئەرەجگە
كەلدى . قولىغا قىلىچ ئېلىپ :

— ئەي قازاق ، سېنىڭ جازاڭنى مۇ-
شۇ قىلىچ بەرسۇن ! — دەپ كەينىگە يې-
نىپ بىر قىلىچ سىلتىۋىدى ، ئەسھەد قې-
چىپ قۇتۇلدى . ئاندىن ئەسھەد ئاتلىق قې-
چىپ يۈرۈپ ، قولىدىكى توقماق بىلەن ئە-
رەجىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى . ئەرەجىنىڭ
ماڭلىيى يېرىلدى . ئەرەج ئۆزىنى ئوڭلاپ
بولغۇچە ئەسھەد سالما سېلىپ ئەرەجىنىڭ
بىر قولىنى بويىنى بىلەن كىمەندىگە باغ-

لاپ ، كېمەندىننىڭ بىر ئۇچىنى بىلىگە يۆ-
گەپ ، بۇرغۇينى چالغاندى ، ئۇن سەك-
كىز مىڭ قازاقنىڭ ھەممىسى ئەرەجگە ھۇ-
جۇم قىلىپ كېلىپ ، ئەرەجگە سالما سې-
لىپ تارتىپ توقماق بىلەن ئۇرۇشقا باشلى-
دى . ئەرەج ئىلاجى يوق بىر نەرە تارتىپ
ئاتىنىڭ يايلىنى تۇتۇپ دېۋىتىپ زور قىلدى
ۋە ئەللىك - ئاتمىش قازاقنى سۆرەپ مەي-
داندىن چىقىپ كەمەندىدىن ئۆزىنى خالاس
قىلدى ، بارگاھىغا كېلىپ يىقىلدى . ئەس-
ھەد مەيداندىن چىقىپ ئەبۇلئەلىنىڭ قېشى-
غا كەلدى . ئەسھەدكە ئىلتىپات كۆرسى-
تىپ زىياپەت بەردى .

كىرەپنىڭ ئانىسى مەئدىنى ئەرەج تۇ-
ت' بىلىپ تۇردالى پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا
قويغان توققۇز كۈندىن بۇيان ئاش - تائام
بەرمەي ، ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ قىيىنغاند-
لىقىنى ئەبۇلئەلىگە ئەرز قىلدى . ئەبۇلئە-
لى ئاخىر داڭلىق ئەييارلىرىنى ئامال قى-
لىشقا بۇيرۇدى . مۇھتەر ئەييار بىلەن
بۇرغۇي ئەييار قوپۇپ :

— بىز ھەر كېچىسى ئۇ يەرگە بې-
رىپ «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ چېدىرىنى
چۆرىلىمىز . تۇردالى پەيغەمبەر ئۆزلىرى
غايىب ، ۋاقىتلىرى ھازىردۇر . ھەرگىز
بىزنى يولاتمايدۇ . ئەمما بىر ئىلاجى بار .
ئېھتىمال شۇنىڭ بىلەن خالاس قىلغىلى
بولۇر ، — دېدى . ئەبۇلئەلى :

— نېمە ئىلاج ؟ — دەپ سورىدى .
ئەييارلار :

— شۇنداق ئىلاجكى ، — دېدى ، —
نۇشىرۋاننىڭ بەختەك بىلەن كەركەس سا-
سانىنى تۇردالى پەيغەمبەر باغلىۋالغاندا نۇ-
شىرۋان خوجا ئابۇزەر جەمھۇردىن مەسلى-
ھەت سوراپتۇ .خوجا يول كۆرسىتىپ :
«بەختەك بىلەن كەركەسنىڭ پۇل - ماللى-
رىنى ئاپىرىپ نەزىر قىلىپ ، تىلىسەڭلار
بېرىدۇ» دەپتۇ . نۇشىرۋان بۇ ئىككىسى-
نىڭ پۇللىرىنى ئاپىرىپ ، ئىككىسىنى تى-
لەپ ئالدى . بىزمۇ مەئدىنىڭ ماللىرىنى
ئاپىرىپ بېرىپ تىلەپ كەلسەك بېرىدۇ .

ئەبۇلئەلى ھەيران بولۇپ :

— ئەجەبا پەيغەمبەرلەرمۇ پارا يەم-
دىغاندۇ ؟ — دەپ سورىغاندى ، ئەييارلار
دېدىكى :

— تۇردالى پۇلغا بەك ئامراق پەي-
غەمبەرمىش ، بىزنىڭمۇ كەمەندە ، خەنجەر-
دىن تارتىپ بەش پۇللۇق نەرسىمىزنى قوي-
ماي ئېلىۋېلىپ ، قويۇپ بەرگەنىدى . ئى
تەقسىر ، پەيغەمبەرنىڭ پۇلى بولمىسا ئۇ-
نىڭ سۆزىنى كىم ئاڭلايدۇ . قۇرۇق قول
بارسا ، خۇدايىغا قانداق يارايدۇ ، پەيغەم-
بەرمۇ نامرات بولسا ، نامراتلارغا قانداق
ياردەم بېرەلەيدۇ ؟ — دېدى .

ئەبۇلئەلى ئەييارنىڭ بۇ كىنايىلىرىنى
ئاڭلاپ كۈلدى . شۇئان بۇيرۇپ مەئدىنىڭ
خەزىنىسىدىن ۋە ئۆز خەزىنىسىدىن ، كى-
رەپنىڭ ماللىرىدىن ۋە نۇرغۇن جاۋاھىرنى
قاچىلاپ ئەييارلاردىن ئەۋەتتى . خوجا ئەم-
رىنىڭ ئوغۇللىرى مۇھتەرئەمىيە بىلەن
مۇھتەرنەسىم ئىككىسى بىر خۋاندىن ئىك-
كى خۋان جاۋاھىرنى يوشۇردى . بۇرغۇي
ئالغىلى ئۇنىمىدى . بۇلار خوجا ئەمرىنىڭ
بارگاھىغا باردى . چېدىرنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ پۇل - ماللارنى قويۇپ تەزىم قىلىپ
تۇردى . ئاندىن :

— ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، ئە-
بۇلئەلى بۇ پۇللارنى سىزلەرگە نەزىر قىل-
دى ، تاپشۇرۇپ ئالغايسىز ، بۇنىڭ بەدىلى-
گە مەئدىنى سىزدىن تىلەيمىز ، — دې-
دى . تۇردالى پەيغەمبەردىن ئاۋاز كېلىپ :

— بۇرۇن ئەقلىڭلار نەگە كەتكەنى-
دى ؟ ئېلىڭلار ! — دېدى . بۇلار خۇش
بولۇپ مەئدىنىڭ باغلاقلىرىنى يەشكىلى
تۇرغاندى ، شۇ ئەسنادا ئىككى توقا بۇ
ئىككى ئەييارنىڭ چېكىسىگە تېگىپ يىقىل-
دى . مۇھتەر بۇرغۇي قويۇپ قاچتى . ھې-
لىقى ئىككىسىنى تۇتۇپ خوجا ئەمرى دېدى-
كى :

— ئى بۇرغۇي سەن قورقما ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى يىگىت ماڭا خىيانەت قىلدى . بۇنىڭ خىيانەت قىلغان پۇلۇمنىڭ بىرىگە توققۇزنى قوشۇپ بەرسە ئاندىن بۇ ئىككىسىنى بېرىمەن . سەن كېلىپ مەئدىنى يېشىپ ئېلىپ كەت .

بۇرغۇي پەرەڭ كېلىپ مەئدىنى يېشىپ ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى . ئەبۇلئەلى دەرغەزەپ بولۇپ ، بۇ ئىككى ئەييارنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغان جاۋاھىرلارنى ئېلىپ بۇرغۇي پەرەڭدىن ئەۋەتتى . بۇرغۇي بۇ جاۋاھىرلارنى ئېلىپ بېرىپ بۇ ئىككى ئەييارنى تىلەپ ئالدى .

ئەلقىسسە ، ئەمدى سۆزنى ئەرەجتىن ئاڭلاڭ :

ئەرەج بۇ نۆۋەت ئەسھەدتىن قاتتىق زەخمە يېگەنىدى . تاڭ ئاتقۇچە بىخۇدۇ بولۇپ ھوشىنى بىلمەي ياتتى . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ، «تۇردالى پەيغەمبەر» ئەرەجگە كۆرۈنگەن سۈرىتى بىلەن ئاقساقال نۇرانە بولۇپ ، بېشىغا گۇمبەزدەك سەللىنى يۆگەپ ، ئايىغىدا مەسە ـ كالاچ ، قولىدا ھاسا ، ئەرەجنىڭ بارگاھىغا كىرىپ كەلدى . ئەرەجنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ دورا تاڭدى . ئەرەج كۆزىنى ئېچىپ قوپۇپ ئولتۇردى . دېدىكى :

ـــ ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، نى ـ نى ئۇلۇغ پەھلىۋانلارغا زەخمە ئۇردۇم ، توتتۇم ، بۇ ئەسھەد دېگەن قازاقتا كۈچۈم يەتمىدى . سەۋەب نېمىدۇر ؟

ـــ بۇ ساڭا كەلگەن بالادۇر ! ـــ دېدى «تۇردالى پەيغەمبەر» . ئەرەج سورىدى :

ـــ بۇنى يېڭىشنىڭ ئامالى نېمە ؟

ـــ سەدىقە بەرمەك كېرەك . سەدىقە بالانى يېيدۇ . سۆيۈنچى مال تەييارلاپ ئاپتاپ خۇداغا سەدىقە قىلماق كېرەك . ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىسەن .

ئەرەج يىگىرمە قېچىردا مال كەلتۈرۈپ دۈۋىلىدى . ھەرقايسى لەشكەرلەر «قازاقلارنى يېڭەيلى ، ئۇنىڭ توقماقلىرىدىن قۇتۇلايلى» دەپ نۇرغۇن مال تەييارلىدى . مال ـ دۇنيا گويا خامانىدەك بولۇپ كەتتى . شۇ ئەسنادا خوجا ئەمرى ئۇلارغا :

ـــ بۇ مالنى ساقلاپ ئولتۇرۇڭلار . ئەگەر ئاپتاپ خۇدا قوبۇل قىلسا ، بىر سائەت ئىچىدىلا پەرىشتىلەر سېلەرگە كۆرۈنمەي كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ . ھازىر ۋاقتى ئەمەس ! ـــ دېدى . تۈن يېرىمى بىلەن خوجا ئەمرى كېلىپ ھەممىنى گۈلبارىغا ئۇردى . بېرىپ ئورنىدا ئولتۇردى . ئەتىسى قوپۇپ قارىسا ، ھېچنېمە قالماپتۇ . نەزىرىمىز قوبۇل بوپتۇ دەپ ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى . ئەرەج زەخمىدىن ساقايدى . سەپ تارتىپ مەيدانغا كىردى . ئۇ تەرەپتىن ئەبۇلئەلى ، يەنە بىر تەرەپتىن نۇشىرۋانمۇ ئۆز سەپلىرىدە تۇردى . ئەرەج مەيدانغا كىرىپ :

ـــ ئى خۇداپەرەسلەر ، «تۇردالى پەيغەمبەر» ، ماڭا نەزەر قىلدى . مەن ساقايدىم . ئەسھەد قېنى سەن كەلگىن . نەدە بولساڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن ! ـــ دەپ توۋلىدى . ئەسھەد مەيدانغا كىردى . ئەرەج بېرىپ شەمشەر سالدى ، ئەسھەد ئۈچ شەمشەرنى ئۆتكۈزدى . نۆۋەت ئەسھەدكە كەلدى . ئۇنىڭمۇ ئۈچ شەمشىرىنى ئەرەج ئۆتكۈزدى . ئەرەج قولىغا شەمشەر ئالدى ، ئەسھەد بىلدىكى ، بۇ شەمشەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى . ئەرەج ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى . ئەسھەد قولىدىكى توقمىقى بىلەن ئەرەجنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا بىر ئۇرغانىدى ، ئاتنىڭ بېشى چۈۋۈلدى . ئەرەج يەرگە يىقىلدى . ئەسھەد ئارقىسىغا يېنىپ ئەرەجگە بىر قىلىچ ئۇرغانىدى ، ئەرەج قىلىچىنىڭ كەينى بىلەن ياندۇردى . ئەسھەد ئاتنىڭ توغرىسىدىن ئۆتتى . ئەرەج قىلىچنى ئاتقانىدى ، ئەسھەدنىڭ دولىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر غېرىچ پاتتى . ئەسھەد ئاتنىڭ يايلىنى تۇتۇپ مەيداندىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئەسھەد ئەرەجگە قىلىچ سالغاندا ، چەپ مۈ-
رىسىگە چارەك زەخمە بەرگەنىدى ، ئەرەجمۇ
مەيداندىن يېنىپ چىقتى . ئەسھەدنىڭ لەش-
كەرلىرى ئەسھەدنىڭ كەينىدىن بۇرغۇيلى-
رىنى چېلىپ ھۇيقۇيتقىنىچە راۋان بولدى .
بۇلار ئەسھەدنى ئىزلەپ ماڭدى . ئەسھەد
شۇ يۈرگەنچە بىر باياۋانغا كېلىپ ئاتتىن
يىقىلدى . بىر كېچە ـ كۈندۈز بىخۇد ،
بىھوش بولۇپ ياتتى . بىردىنلا ئىككى بو-
ۋاي كېلىپ ئەسھەدنىڭ بېشىنى يۆلىدى .
ئەسھەد كۆزىنى ئاچتى ، قىلىچ تېخى ساد-
چىقلىق تۇرۇپتۇ . كۆردىكى ئىككى نۇرانە
كىشى جاراھەتلىرىنى داۋالاپ ئولتۇرۇپتۇ .
ئۇلار :

— ئى ئوغلۇم ! ساڭا مەدەت قىلغى-
لى كەلدۇق ! — دەپ دورا ـ مەلھەم قوي-
دى . جاراھەت ئاغرىقى تۈگىگەندەك بول-
دى . ئەسھەد ئۇلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ
تۇرۇپ :

— ئى ئۇلۇغلىرىم ! ئەبۇلئەلىنىڭ
لەشكىرىدە لەندىھۇردىن باشقا زەخمە يېمى-
گەن ، بەندىكە چۇشمىگەن بىرمۇ پەھلىۋان
قالمىدى . مېنىڭ ھەم ئەرەجگە كۈچۈم يەتمى-
دى . ماڭا دۇئا قىلغان بولساڭلار ، كۈچ ـ
قۇۋۋەت جەھەتتە مەنمۇ ئەرەج بىلەن تەڭ
بولسام ، — دېدى . ئۇلۇغلار دۇئا قىل-
دى . ئاندىن ئۇلار :

— ئى ئەسھەد ، تىلىگەن بولساڭ
ئەرەجدىن ئارتۇق بولار ئىدىڭ . تەڭ بول-
سام دەپ تىلىدىڭ . ئەمدى كۈچ ـ قۇۋۋەت-
تە تەڭ بولىسەن ! — دېدى . ئەسھەد يەنە
يالۋۇرۇپ :

— ئەمدى يەنە دۇئا قىلىپ مېنىڭ
كۈچۈمنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلغان بول -
ساڭلار ! — دەپ تەلەپ قىلدى . ئۇلار :

— ياق ، ئەمدى ۋاقتى ئۆتۈپ كەت-
تى . ساڭا نېسىپ بولغىنى شۇ ئىكەن ! —
دەپ كۆزدىن غايىب بولدى . ئەسھەد قوپۇپ
ئېتىنى مىنىپ ، ئۈچ كۈندە لەشكەرلىرى
بىلەن ئۇچراشتى .

ئەلقىسسە ، ئەرەج ساقىيىپ مەيدانغا
كىرىپ ئەسھەدنى تەلەپ قىلدى . ئەبۇلئەلى
تېخىچە ئەسھەدنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان-
دى ، لەندىھۇر مەيدانغا كىردى ۋە ھەيۋە
قىلىپ پو ئېتىپ گۈركىرەپ :

— ئى ئەرەج ! قېنى ھۈنىرىڭنى
كۆرسىتىپ باق ! — دەپ كەلدى . ئەرەج
كۆردىكى ، شۇنداق بىر باھادىر كېلىۋاتى-
دۇكى ، قەددى يۈز ئون ئالتە گەز ، ئىككى
كۆكسىنىڭ ئارىسى ئەللىك سەككىز گەز ،
بېشى گۈمبەزدەك ، ھەربىر قولى چىنار-
نىڭ شاخلىرىدەك ، سەكسەن قىرلىق تاج
كىيىپتۇ . ھەربىر قىرىغا بىر مەملىكەت-
نىڭ باھاسىغا تەڭ كېلىدىغان گۆھەردىن
بىرنى ئېسىپتۇ . توققۇز قات ساۋۇت كى-
يىۋاپتۇ . ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى يۈز پات-
مانچە كېلىدۇ ، بېلىگە ئۈچ يۈز پاتمان
زەنجىرنى كەمەر قىلىپ باغلىۋاپتۇ . يەتتە
يېرىم گەز ھىندى قىلىچىنى بېلىگە ئې-
سىپتۇ . پۇتىغا پولات ئۆتۈك كىيىپ ئات-
مىش تال نەيزە ، ئاتمىش تال ساغداقنى
بېلىگە باغلاپتۇ . ئۇ گۇرزىنى ئىگەرنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ پىلغا مىنىپ ئەرەجنىڭ ئال-
دىدا تاغدەك تۇردى . ئەرەج بۇنى كۆرۈپ
بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى ـ دە ، يېقىن
بارغىلى قورقۇپ قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ
ئۈچ تال ئوق ئاتتى . لەندىھۇر سىپەر تۇ-
تۇپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولغانىدى ، كەلگەن
ئوق سىپەرنى قاتلاپ ئۆتۈپ ، گۇرزىگە تۆت
ئىلىك كىرىپ كەتتى . لەندىھۇر گۇرزە
ئۇردى . ئەرەج سىپەر تۇتتى . لەندىھۇر
شۇنداق كۈچەپ ئۇردىكى ، سىپەرنىڭ مىخ-
لىرى يەرگە تۆكۈلدى . ئاتنىڭ بېلى سۇن-
دى . ئەرەجنىڭ قولى ئېگىلمىدى ، ئەمما
پۇتى ئۇشۇقىغىچە يەرگە پاتتى . شۇئان خو-
جا ئەمرى كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىپ ئۇنىڭ
قۇلىقىغا :

— ئى ئەرەج ، ھالىڭ قانداقراق ؟ — دې-
دى . ئەرەجنىڭ باشلىرى گاڭگىراپ بەدەنلىرى-
دىن تەرلىرى سۇ قۇيغاندەك ئاقماقتا ئىدى . ئۇ :

— ئى «تۇردالى پەيغەمبەر» ، مېنىڭ بۇ ئوغرىنىڭ گۇرزىسىگە پايلىغۇدەك تاقىتىم قالمىدى. ئەمدى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر ئۇ ئالدىڭغا يەنە گۇرزى چۆرۈپ كەلگۇدەك بولسا، چەپدەسلىك بىلەن ئالدىغا بېرىپ قىلىچ بىلەن پىلنىڭ خارتۇمىغا ئۇرغىن، قاچىدۇ. شۇ ۋاقىتتا زەخمە ئۇرالايسەن؛ ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن، پەھلىۋان زايە بولمىسۇن! — دېدى.

ئەرەج قەددىنى رۇسلاپ، سىپەرنى تۇتۇپ تۇردى. لەندىھۇر گۇرزە سوقۇپ ئۆتۈپ كۆردىكى، ئەرەجنىڭ ئېتى ئۆلۈپتۇ. ئۆزى پىيادە سىپەر تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. غەزەپ بىلەن پىلنى يۈگۈرتۈپ گۇرزە سالغىلى كەلگەندى. ئەرەج يۈگۈرۈپ كېلىپ پىلنىڭ خارتۇمىغا شەمشەر ئۇردى. پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ يېرىمى ئون - يىگىرمە پاتمان گۆش بىلەن يەرگە چۈشتى. پىل چىرقىراپ لەندىھۇرنى ئېلىپ قاچتى. ئەرەج ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ لەندىھۇرغا بىر قىلىچ سالدى. قىلىچ ئۇنىڭ يوتىسىغا پاتتى. پىل مەيداندىن چىقىپلا يىقىلدى. ئەبۇلئەلى كېلىپ:

— لەندىھۇرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويۇڭلار! — دەپ بارگاھقا كىرگۈزۈۋەتتى. ئەرەجنىڭ خەلقى ئات كەلتۈردى. ئەرەج ئېتىغا مىنىپ چۇقان سالدى. ئەبۇلئەلىنىڭ ھەممە پەھلىۋانلىرى تۈگەپ ئۆزى كىرەي دەپ تۇرغانىدى. شۇ ئەسنادا بىر ئاۋاز چىقتى. كۆزدىكى، ئەسھەد ئون سەككىز مىڭ قازاق بىلەن كېلىپ ئەرەجنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى. ئەرەج بۇنى كۆرۈپ مەيداندىن يېنىپ ئەسھەدنىڭ ئالدىنى توستى. ئەسھەدگە بىر قىلىچ سالدى، ئەسھەد رەت قىلىپ ئەرەجگە قىلىچ سالدى. ئۇرۇشا - ئۇرۇشا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. كۆرسەتمىگەن ھۈنەر، ئىشلەتمىگەن قوراللىرى قالمىدى. ئوقنى ئوق بىلەن چىنەپ رەت قىلدى. بۇلار كۈچ - قۇۋۋەتتە ھەر ئىككىسى باراۋەر كېلىپ قالدى. كۈن كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز بارگاھلىرىغا ياندى. ئەبۇلئەلى ئەسھەدكە كۆپ ئىنئاملار بەردى. مەئدى كېلىپ ئەسھەدكە يالۋۇرۇپ:

— ئەرەجنى تۇتۇپ ماڭا بىر ھەپتە بەرسەڭ، مەنمۇ ئۇنى يالىڭاچلاپ ياغاچقا چىلاپ، بەدەنلىرىنى ئاپتاپتا قويۇپ، ئاش - تائام بەرمەي دەردىمنى ئېلىۋالسام، — دېگەنىدى. ھەممە پەھلىۋانلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. ئەرەج يەنە سەپ تۈزۈپ كېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ تەرەپتىن ئەسھەد مەيدانغا كىردى. ئەرەج بىر شەمشەر سالدى. ئەسھەد ئۆتكۈزدى. ئارقىدىن ئەسھەد بىر شەمشەر سالغانىدى، ئەرەجنىڭ سىپەرى پارە بولۇپ ئوڭ قولى مۈرىسىدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەرەج دەرھال چەپ قولى بىلەن ئوڭ قولىنى ئېلىپ مەيداندىن چىقىپ «تۇردالى پەيغەمبەر» نىڭ چېدىرىغا كىرىپ:

— ئى «پەيغەمبەر» ، سىزنى مەن بەرھەق بىلىپ ئىقرار قىلدىم. ئەسھەد پەيغەمبەردىن تىلەپ بۇ ئىشنى قىلدى. ئەگەر مەدىتىڭىز بولسا كۆرسىتىڭ، — دېدى. خوجا ئەمرى كۆردىكى، ئەرەجنىڭ قولى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. خوجا ئەمرىنىڭ ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنىڭ ئارىسىدا «جام ئىسا» بار ئىدى. ئۇنىڭغا سۇ ئېلىپ كېسىلگەن ھەرقانداق جايغا قويسا تۇتۇپ قالاتتى. دەرھال جام ئىسانىڭ ئىچىگە سۇ ئېلىپ، قولنى ئۆز جايىغا قويۇپ يۇدى. ئاغرىق توختاپ قالدى. ئۈچ كۈن بولغاندا قول ئەسلىگە كېلىپ ئەرەج مەيدانغا كىردى. ئەبۇلئەلى بولسا، ئەرەجنىڭ قولى كېسىلگەنگە كۆپ ئەپسۇس يەپ يۈرگەنىدى، بىردىنلا ئەرەج پەيدا بولۇپ كەلدى ۋە:

— ئى خۇداپەرەسلەر ! مانا كۆردۇڭلار ، تۇردالى پەيغەمبەر ماڭا نەزەر سالغانىدى ، قولۇم ساقايدى . بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك بولدى ! — دەپ كەلگەنچە ئەسھەدكە بىر قىلىچ سالدى . ئەسھەد زەخمە يەپ مەيداندىن چىقتى .

ئەبۇلئەلى ئات چاپتۇرۇپ ئەرەجنىڭ ئالدىغا باردى . ئەرەج بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشتى ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەدى . ئاخىر ئەرەج كۈچەپ تۇرۇپ بىر سىلكىگەنىدى ، ئەبۇلئەلىنىڭ سول تىزى يەرگە قاتتىق تېگىپ زەخىملەندى . ئەبۇلئەلى جان ئاچچىقىدا ئەرەجنى چۆرۈپ يەرگە ئۇردى . ئەرەجنىڭ مۈرىسى سۇندى . ئەبۇلئەلى ئەرەجنىڭ كۆكسىگە ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلدى ، ئۆتنىمىدى . ئاخىر :

— ئى ئەبۇلئەلى سۇلتان ، مەن «تۇردالى پەيغەمبەر» دىن سوراپ باقاي ، ئۇ نېمە دېسە مەن شۇنى قىلاي ، — دەپ تۇراتتى . زەنگەر چېدىرىنىڭ ئىچىدىن خوجا ئەمرى چىقىپ كەلدى ۋە :

— يا سۇلتان ، بۇ ئەرەج بىزنىڭ مالىك قاسىمنىڭ ئوغلىدۇر . مەلىكە گۈلچېھرەدىن تۇغۇلغان ، بۇنى مەن مەيدىدىن ئۆچۈمنى ئالاي دەپ باشلاپ كەلگەنىدىم ! — دېدى . ئەبۇلئەلى ئەرەجنى قويۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ خوجا ئەمرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ زار - زار يىغلاشتى . ئاندىن خوجا ئەمرىگە ناماقۇل بولدى . بۇنى كۆرۈپ نۇشىرۋان لەشكەرلىرى بىلەن قېچىپ سەمەرقەندكە كەتتى . ئەرەج خوجا ئەمرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي ، «تۇردالى پەيغەمبەر » دىن باشقىنىڭ سۆزىگە چىن پۈتمەي تۇرۇۋالدى . خوجا ئەمرى جامى ئىبسادا بېشىغا سۇ قۇيۇپ ، تۇردالى پەيغەمبەر بولۇپ يەنە تۆت پەرىشتەنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئېتىراپ قىلىپ ، ئەبۇلئەلىگە قوشۇلدى ، قەمتۇرشاھمۇ ئەل بولدى . خوجانەسەپ سودىگەر ئەرەجكە بەرگەن نىشانە تۇمارنى ئېلىپ كېلىپ ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا قويدى . ھەممەيلەن بۇ نىشانىلەرنى كۆرۈپ بىلدىكى ، ئەرەج مالىك قاسىمنىڭ ئوغلى ئىكەن . ئەرەجنىڭ ئانىسى گۈلچېھرەبانۇ كېلىپ ئوغلى بىلەن كۆرۈشتى . ھەزرەت ئەبۇلئەلى بۇلارغا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بەردى . ئاندىن لەشكەرلەر نۇشىرۋاننىڭ ئارقىسىدىن سەمەرقەندكە يۈردى .

## نۇشىرۋاننىڭ سەمەرقەندكە كېلىشى

نۇشىرۋان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكىرى ئارقىدىن قوغلاپ سەمەرقەندكە كەلدى . بۇلار جەڭگە تەييارلاندى . نۇشىرۋان تەرەپتىن بىر پەھلىۋان جەڭگە كىردى . ئەبۇلئەلى تەرەپتىن ئەرەج كىردى . شۇنداق قىلىپ جەڭ ئون كۈن داۋام قىلدى . ئون بىرىنچى كۈن بولغاندا ، سەھمۇن تۈرك تىبىلباز چالدۇرۇپ سەپ تۈزۈپ تۇرغانىدى ، ئىككى لەشكەر ئارىسىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى . بىر كەمدە ئون ئىككى كىشى پەيدا بولدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈلكە تېرىسىنى تەتۈر كىيىپتۇ . باشلىرىغىمۇ تۈلكە تېرىسىنى تەتۈر كىيىۋاپتۇ . ھەربىرىنىڭ يېنىدا توقساندىن ئوق ساندۇقى تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەھماس تۈرك خوجەندى باشلاپ مېڭىپتۇ . ئۇلارنى كۆرۈپ لەشكەرلەردە ساراسىمە پەيدا بولدى . ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئابدۇسەمەت رۇمى قاتارلىق نەچچە پەھلىۋانلار مەيدانغا كىرىپ ھەممىسى زەخمدار بولدى . ئاخىر ئەلەمشاھنىڭ بېشىغا زەخمە ئۇردى . ئەلەمشاھنىڭ ئېتى سەپتىن چىقىپ بىر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى . كېچىچە يۈردى . شۇنداق مېڭىپ كۆك رەباتقا يەتتى . ئەمما بۇ يەرگە تەراز كەنت خەلقى چۈشكەنىدى . بۇلارنىڭ چوڭىنىڭ ئېتىنى

خوجا پەتتاھ تەراز كەنت دەپ ئاتايتتى . ئۇنىڭ قۇللىرى ئەلەمشاھنى ئېلىپ قېشىغا كىردى . خوجا پەتتاھ تەراز كەنت ئەلەمشاھنىڭ جاراھەتلىرىنى تاڭدى .

ئەلەمشاھ :

— مەن سودىگەر ئىدىم ، قاراقچىلارنىڭ زەربىگە ئۇچرىدىم ، — دەپ يۇردى . بىر كۈنى پادىشاھ خەۋەر تاپتى . پادىشاھنىڭ ئېتى نەشبىدە تەراز كەنت ئىدى . ئەلەمشاھنى تۇتۇپ بەنگە تارتتى .

نەشبىدە شاھنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېتى كەرەشمە ناز بانۇ ئىدى . ئەلەمشاھنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى . كۆڭلىدە ئەلەمشاھنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا شۇ كېچىسى ئەلەمشاھ غايىب بولدى .

بۇ تەرەپتىن ئەبۇلئەلى ئەلەمشاھتىن ئەنسىرەپ ئىزدىگىلى خوجا ئەمرىنى ئەۋەتكەندى . خوجا ئەمرى كۆك رەباتقا باردى . ئۇ يەردىن تەراز كەنتكە كېلىپ بىر چاھارباغقا كىرسە ، بىر قىز يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ . خوجا ئەمرى يىراقتىن كۆرۈپ بىر كىشىدىن سورىغاندى . ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ :

— ئول قىز ئەبۇلئەلىنىڭ ئوغلى ئەلەمشاھنىڭ ئاشىقىدۇر . ئەلەمشاھنى خالاس قىلىمەن دەپ ، خالاس قىلالماي ، شۇنىڭغا يىغلايدۇ ، — دېدى خوجا ئەمرى ئەييارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشلىتىپ ئەلەمشاھنى قۇتقۇزۇپ ، قىزنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلدى . يەنە جەڭ داۋاملاشتى . ئاخىر جەڭگە ئەبۇلئەلى ئۆزى كىرىپ تەھماسنى يەڭدى . شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان تەرەپنىڭ ھەيۋىسى سۇندى . نۇشىرۋان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاچتى .

## نۇشىرۋاننىڭ سەمەرقەندتىن قەشقەر ، تۇرپانغا كېلىشى

نۇشىرۋان ئاتاقلىق پەھلىۋانى تەھماس تۈرك خوجەندى يېڭىلگەندىن كېيىن ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە قاچتى . ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىدىن قوغلاپ سەمەرقەند چۆللۈكىدىن ئۆتۈپ ، غار ئاشقانغا يەتتى . بۇ يەرگە كەلسە ، بىر قەلەندەر بۇغداي پىشۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەبۇلئەلى كېلىپ بۇ يەرگە چۈشتى . ئەمما بۇ يولۇچى ئىدى . ھەزرەت ئەبۇلئەلىنى بىھوش قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئاندىن باغلاپ قويدى . ئەبۇلئەلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خوجا ئەمرىنى كەلسە تۇتىمىز دەپ ماراپ يۇردى .

ئەتىسى لەشكەرلەر ئارىسىدا ئەبۇلئەلىنى قەلئەگە تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەر يەتتى . خوجا ئەمرى ئوتتۇنچى سۈرىتىدە بولۇپ شەھەرگە كىردى . تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ ۋايىزلىق قىلغىلى تۇردى . ئېتىنى موللا تۇرپان قويدى . ماراپ يۈرگەنلەر خوجا ئەمرىنى تونۇپ قېلىپ تۇتۇۋالدى . شۇنداق قىلىپ ئەبۇلئەلى بىلەن ھەر ئىككىسى تۇتۇلدى . ھېلىقى يولۇچىلار جاھاندارزاغا : «بىز بۇ ئىككى كىشىنى تۇتتۇق ، ئەمدى پادىشاھلىقنىڭ ھۆكمى نېمىكىن ؟ » دەپ نامە پۈتۈپ بىر يولۇچىدىن ئەۋەتتى . نامە ئاپارغۇچى يولۇچى پەرغانىگە كەلدى . بۇ يولۇچى كىشى بىر ساتىراش بىلەن دوست ئىدى . نامە ئېلىپ ماڭغۇچىنى ساتىراشنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ، ئاندىن قەشقەرگە ئۆتۈشنى تاپشۇرغانىدى . ئەممىيە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، نامە ئېلىپ ماڭغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن پەرغانىگە كەلدى . ساتىراشنى تۇتۇپ بىر جايغا جايلىۋېتىپ ، ئۆزى ساتىراش شەكلىدە بولۇپ دۇكانغا چىقىپ ئولتۇردى . بىر كەمدە بىر كىشى نامە ئېلىپ كىرىپ كەلدى . ئۇنى تۇتۇپ ئەبۇلئەلىگە لەشكەر ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئۆزى نامە ئېلىپ ماڭغۇچىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ، نامەنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ جاھاندارغا تۇتتى . نامەنىڭ مەزمۇنىدا :

«مەن بۇ خۇداپەرەسلەرنى ئۆز قولۇم
بىلەن ئۆلتۈرمەكچى ، زىنداننىڭ ئاچقۇچىـ
نى نامە ئاپارغۇچى كىشىگە بېرىلسە ئۇـ
كەن» دەپ يېزىلغانىدى ، ئاچقۇچنى ئەمـ
مىيەگە بەردى . ئەممىيە ئاچقۇچنى ئېلىپ
كېلىپ ، ئەبۇلئەلى بىلەن خوجا ئەمرنى
قۇتقۇزۇپ چىقتى .

ئەبۇلئەلى ئەتىسى لەشكەرلىرىگە
«قەشقەرگە يۈرسۇن» دەپ يارلىق قىلدى .
ئالغۇچە نۇشىرۋان قەشقەردە قارار تېپىپ بولـ
غانىدى . قىدىرخان ۋە دەرمىشخان ، پەرتۇخان
تىراندازلار نۇشىرۋاننى ئىززەت ـ ئىكرام
بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرگەنىدى . ئەـ
بۇلئەلىنىڭ لەشكىرى قوغلاپ كەلگەندىن
كېيىن نۇشىرۋان قەشقەردە تۇرالماي تۇرـ
پانغا كەتتى . ئاندىن ۋىلايىتىگە ئۆتـ
تى . ئاندىن قەمرۇسىيىگە ئۆتتى . ئەبۇلـ
ئەلى ھەم ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈردى .
نۇشىرۋان خىتايغا قاچتى . ئەبۇلئەلى ھەم
ئارقىدىن ئەگىشىپ خىتايغا كەتتى . خاقانى
ئەزەم بۇ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويـ
دى . بۇلار يەنە يېنىپ كېلىپ بەسرە دەرياـ
سىنىڭ بويىغا چۈشتى . خوجا ئەبۇزەر جەمـ
ھۇر ھاكىم ، ئەمىر ۋە پادشاھلار ھەزرەت
ئەبۇلئەلىنى مەدايىنغا ئېلىپ بېرىپ نۇـ
شىرۋان بىلەن يەنە بىر قېتىم ياراشتۇرـ
دى . ئاندىن ئەبۇلئەلىنى مەدايىنغا پادشاھ
قىلدى . بۇ ۋەقەدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن
كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا
كەلدى .

## نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

نۇشىرۋان پادشاھ تەختىدە ئەڭ ئادىل
ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئادىللىقى پۈتۈن جاھانغا
مەشھۇر بولدى . ھەممىنى باراۋەر كۆردى .
سۆزىدە تۇردى . بۇزۇق ۋەزىرنىڭ پىتنىسى
بىلەن ئاخىر مەملىكەتلىرىدە تەپرىقچىلىك
بولدى . ئارام ئالماي جەڭ بىلەن ئۆتتى .
دۈشمەنلىرىگىمۇ رەھىمدار بولدى . ئاخىرـ
دا جەڭ ـ جېدەل تۈگەپ ، پەرزەنتلىرى
بىلەن يارىشىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان
كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى ، بىر كۈنى بىر
چۈش كۆردى . چۈشىدە : ئاتىسى كەيقىبادـ
نىڭ مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆچمەي كۆيۈپ
تۇرغان ئاتەشگاھى ئۆچتى . يەتتە ئىقلىمدىـ
كى تامام بۇتلار يىقىلىپ چۈشتى . تاغلار
گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى . نۇشىرۋان بۇ ھەيـ
ۋەتلىك چۈشتىن غايەت قورقۇپ ئويغاندى .
كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تۇرغانىدى ، بىر
ئاۋاز كەلگەندەك بولدى . تەختىدىن چۈشـ
مەكچى بولغانىدى ، ئېتىكىنى تەخت قىـ
سىۋېلىپ يىقىلىپ ئۆلدى . نۇشىرۋاننىڭ
ئۆلگەن كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
دۇنياغا كەلگەن كۈنىگە توغرا كەلدى .

ئەتىسى ئەمىرلەر يىغىلىپ ھەزرەت
ئەبۇلئەلىگە كىشى ئەۋەتتى . ھەزرەت ئەـ
بۇلئەلى بېرىپ ماتەملىرىنى تۇتتى . نۇـ
شىرۋاننى دادىسى كەيقىبادنىڭ يېنىدا قويـ
دى . نەزىر ـ چىرىغىنى كەڭرى ئۆتكۈزۈپ
بەردى . ھەزرەت ئەبۇلئەلى نۇشىرۋاننىڭ
ئوغلى ھورمۇزنى پادشاھلىققا تەكلىپ
قىلدى . ھورمۇز ئېيتتى :

— يا ئەبۇلئەلى ، مەن بۇ يەرگە پادـ
شاھ بولسام ، سىزنىڭ ئەمىرلىرىڭىزنىڭ
بىرى مېنىڭ تەختىمنىڭ پەھلىۋانى بولـ
سۇن .

ئەبۇلئەلى ھەم ھورمۇزنىڭ بۇ سۆزىـ
نى قوبۇل قىلدى . ھەركىمگە دەپ باقتى ،
ئۇنىمىدى . ئاخىر قۇرئى سالغانىدى ، سەـ
ئىدنىڭ ئېتى چىقتى . سەئىد ھورمۇزنىڭ
تەخت پەھلىۋانى بولدى . (تۈگىدى)

تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان
مۇھەررىرى : ۋاھىتجان ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خىلمۇخىل ئوبرازلار بار . ئوبرازنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ . ئوبراز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يادروسى . ئوبرازلار ئىچىدە ئىجابىي ئوبرازلارمۇ، سەلبىي ئوبرازلارمۇ بار . ھەر ئىككى خىل خاراكتېردىكى ئوبرازلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ۋە تەربىيىلىنىشىدە مۇناسىپ تەسىرنى ساقلايدۇ .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «كەمەك ھەييار» دېگەن بىر ئوبراز بار . بۇ ئوبرازنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاراكتېرى ۋە تەسىرنى تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە .

كەمەك ھەييار كەمەك دېگەن نام بىلەنمۇ قەيت قىلىنىدۇ . «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (553 ـ بەتتە) دە «كەمەك ھەييار»، «كەمەك» كە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن :

«كەمەك ھەييار، ئىسىم ① رىۋايەتلەردىكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، ساختىپەز، سېھىرگەر، جاسۇس بىر پېرسوناژ ② كۆچمە مەنىدە ئالدامچى، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، ئىپلاس كىشى» .

«كەمەك (سۈپەت) قاڭشىرى يوق، پاناق بۇرۇن» .

بۇ بايانلاردىن كەمەك ھەييارنىڭ سەلبىي ئوبراز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . كەمەك ھەييار خەلق ئاممىسىنىڭ داستانلىق پىكىر ئالماشتۇرۇشلىرىدا سۆزلىنىدۇ . خەلق چۆچەكلىرىدە بولسا بىر تىپىك ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ نۇقتىنا «كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» دېگەن چۆچەكتە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ :

«كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» دېگەن چۆچەكتە كەمەك ھەييارنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق «بۇرۇنقى زاماندا، ئىران پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن» دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن . بۇنىڭدىن كەمەك ھەييار ئىرانلىق بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچە تۇغۇلىدۇ . لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندا «ئىران پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە» دېگەن ئۇقۇمدا «ئىرانلىق» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىللە «ئىران تەۋەسىدە ياشىغان» دېگەن ئۇقۇممۇ بار .

چۆچەكتە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىران پادىشاھلىقى تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن، تەكلىماكاندا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇختەر دېگەن يەنە بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن . ئۇلار «كىتابىي جادۇ» (جادۇگەرلىك توغرىسىدىكى كىتاب) دىن بىر ـ بىرىنىڭ ھىيلىگەر، ھەييار ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ـ بىرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، بابلاش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۇچرىشىپتۇ . شۇن-

ـداقلا بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلار ئىنـ
ساننى تاڭ قالدۇرىدىغان ھېيلىگەرلىك ،
سېھىرگەرلىك بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي
جەھەتتە قاتتىق ئېلىشىپ ، ئاخىر مۇختەر
ھەييار كەمەك ھەييارنى يېڭىپ ، ئۆزىگە دەسـ
لەپ سۇيىقەست پىلانلىغان پادىشاھ تەرىپىدىن
مۇكاپاتلىنىپ ، ئۆز يۇرتى تەكلىماكانغا قايتىپ
كېتىدۇ .①

چۆچەكتە كەمەك ھەييار (جۇملىدىن
مۇختەر ھەييار ) نىڭ ئوبرازى ئاجايىپـ
غارايىپ بىر خىل قىياپەتتە يارىتىلغان .
ئۇنىڭغا قىرىق چىلتەن ھەمراھ بولىدۇ .
«كىتابىي جادۇ » غا ئاساسەن ئىش قىلىـ
دۇ . ئەپسۇن ۋاستىسى بىلەن مۇشكۇلـ
لۇكلەرنىڭ سىرىنى يېشىدۇ . غەيرىي
(مەۋھۇم ) قىياپەتكە كىرىۋالغان ئادەمنى
(جۇملىدىن رەقىبى مۇختەر ھەييارنى ) تو-
نۇۋالايدۇ . ئومۇمەن ، كەمەك ھەييار خاـ
راكتېرىدىكى توپ ئالاھىدىلىك ھەييارلىق ،
سېھىرگەرلىكتىن ئىبارەت . ئۇ مەيلى رو-
ھىي جەھەتتە ، مەيلى جىسمانىي جەھەتتە
بولسۇن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىـ
غان ئۆزگىچە ، غەيرىي خاراكتېرگە ئىگە .

ئۇنداق بولسا ، «كەمەك ھەييار» قاـ
چان ، قانداق قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋە
ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تەپەككۇرىغا بەدىئىي
ئوبراز سۈپىتىدە كىرىپ كېلىپ ، ئالاھىدە
ئورۇنغا ئىگە بولغان ، كەمەك ھەييار قاچان
ياشىغان؟ بۇ ھەققە پاكىتلىق ماتېرىيالغا
ئىگە ئەمەسمىز . پەقەت چۆچەكتە پادىشاھ
جەمشىد زامانىسىدا كەمەك ھەييارنىڭ ياـ
شىغانلىقى سۆزلەنگەن . كەمەك ھەييارنىڭ
قاچان ياشىغانلىقىنى بىلىشتە بۇ بايان مۇـ
ھىم بىر يىپ ئۇچىدەك قىلىدۇ . چۈنكى ،
جەمشىد ئەسلى بىر تارىخىي شەخس بولۇپ
«ئاۋېستا » دا تىلغا ئېلىنغان . ئۇ ئىراننىڭ
رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى پىشدادىلەر سۇلالـ
سىنىڭ 4 ـ پادىشاھى بولۇپ ، مىلادىيەـ
دىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ياشىغان .
ئۇنداق بولسا كەمەك ھەييار بىلەن جەمشىد
زامانداشمۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنەرسە
دېيىش تەس . چۈنكى جەمشىد رېئال ئادەم
بولسىمۇ ، لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىـ
لەن ئەپسانىۋى شەخسىيگە ئايلىنىپ ، ئىـ
ران خەلقلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقـ
لەر ئارىسىدا سەييارە ۋە دەۋرىي خاراكتېرـ
لىك ئوبرازغا ئايلانغان . شۇڭا بىز تىلغا
ئالغان چۆچەكتىكى جەمشىدنىڭ تارىخىي
يىلنامىسىنى بېكىتىش نىسبەتەن قىيىن .
يەنە بىرى كەمەك ھەييار بىلەن جەمشىدنىڭ
زامانداش قىلىپ تەسۋىرلىنىش خەلق ئارىـ
سىدا تارقالغان ئوبرازلارنىڭ ئارىلىشىپ ،
داشقايناقتا ئايلىنىپ كېتىشى بىلەن مۇناـ
سىۋەتلىك بولسا كېرەك .

«كەمەك ھەييار » ئوبرازىنىڭ كېلىپ
چىقىشىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاساسلىنىـ
دىغان بىردىنبىر ئاساس «كەمەك ھەييار»
دىن ئىبارەت مۇشۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇنىڭ ئېتىـ
مولوگىيىسى ھەم ئېستېمال مەنىسىنى
تەكشۈرۈپ كۆرۈشتىن ئىبارەت .

«كەمەك » ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر
تۈركىي تىللىق قەبىلىنىڭ نامى . دەسلەپ
ئەرەب ، پارس تارىخشۇناسلىرى ۋە جۇغراـ
پىيەشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇچرايـ
دۇ . بۇ نامنىڭ كىماك ، قېماق ، كىيماك
شەكىللىرى بار . مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانۇ
لۇغەتىت تۈرك» تە بۇ قەبىلىنى «
Yemak » دەپ يازغان .

كەمەكلەر مىلادىيە Ⅶ ئەسىرلەردە
ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى ، ئېرتىش دەرياسى
ساھىلىدە ياشىغان ھەم ئەينى چاغدا غەربىي
تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان . مىلادىيە

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى » 3 ـ قىسىم ، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل نەشرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

658 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندا كەمەك قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان . مىلادىيە VIII ئەسىرلەردە ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن ساھىلىدە ئولتۇراقلىشىپ ، ئۈزلۈكسىز تۆرىدە غەربكە كېڭەيگەن . XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ تۆۋەن ساھىلى ۋە ئارال كۆلىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىگەن . ئەينى چاغدا جەنۇبىي قارلۇقلار بىلەن قوشنا بولۇپ ، بالقاش كۆلىنى چېگرا قىلغان .

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەز بولغاندىن كېيىن كەمەكلەر داۋاملىق كۆچەيگەن . ئەسلىدە ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان بىر قىسىم قەبىلىلەر كەمەك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان . XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېرتىش دەرياسىنى مەركەز قىلغان ھالدا كەمەك خانلىقىنى قۇرغان . 982 ـ يىلى پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە ، كەمەك خانلىقىنىڭ شەرقى قىرغىزلار بىلەن ، جەنۇبى ئېرتىش دەرياسى ھەم سىر دەرياسى بىلەن چېگرالىنىدىكەن ، ئۇلارنىڭ غەربىدە بىر قىسىم قىپچاقلار بولغان ، ئۇلارنىڭ شىمالى ئادەم ئايىغى باسمىغان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىكەن .①

جۇغراپىيە شۇناس ئىدرىس (Edrisi) نىڭ «گېئوگرافىيە» (1153 ـ يىلى يېزىلغان ) ناملىق ئەسىرىدىكى باياناتلارغا قارىغاندا كەمەكلەر تۈرك خانلىقلىرى ئىچىدە چوڭ قوۋملاردىن ئىكەن . ئۇنىڭ جەنۇبى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ، غەربىي جەنۇبى قارلۇقلار ، غەربى قىرغىزلار ، شەرقى قارا دېڭىز بىلەن تۇتىشىدىكەن . بۇ ئەلنىڭ ئىچىدە چوڭ شەھەرلەر كۆپ ، بىر چوڭ دەريا بولۇپ ، شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن . ئىلۋارد (ElWardi) بۇ ئەلنى شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلاپ جۇڭگونىڭ شىمالىغا قوشنا دەپ قارىغان .②

كەمەكلەر بىرقانچە قەبىلىدىن تەركىب تاپقان ، ئوۋچىلىق ، بېلىقچىلىق ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان . تۆمۈر قوراللار ، ئالتۇن ، مىس بېزەكلەرنى ئىشلەتكەن . ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى ئەل ئىدرىسى XII ئەسىردىكى كەمەك خانلىقىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان . مۇشۇ خەرىتىگە ئاساسلانغاندا ، كەمەك خانلىقىدا 16 شەھەر بولغان . كەمەكلەرنىڭ سودا ، قاتناش ئىشلىرىمۇ گۈللەنگەن . XI ئەسىرگە كەلگەندە كەمەك خانلىقى پارچىلىنىپ ، قىپچاق قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن . كېيىنچە ، كەمەكلەر قىپچاق قەبىلىلىرىگە③ ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قېتىلىپ كەتكەن .

كەمەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ خېلى قويۇق بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئۇيغۇر خانلىقى كۈچەيگەن زامانلاردا كەمەكلەر يۇرتى ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە كىرگەن . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 ـ 1250) ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى (850 ـ

---

① «ھۇدۇدۇل ئالەم»نى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەنزۇچە مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان . 1983 ـ يىلى ، 66 ـ بەت .

② جاڭ شىڭلاڭ : «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى ، بېيجىڭ ، 1977 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ، 2 ـ قىسىم ، 229 ـ بەت .

③ «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ،93 ـ ، 94 ـ ، 95ـ بەتلەر .

1212 ) دە بۇ خانلىقلارنىڭ زېمىن دائىرىسى نۆۋىتى كەلگەندە دەم ـ دەم كەمەكلەرنىڭ يۇرتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان . مەسىلەن ، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە : «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە چىن ئېلىدىن باشلىنىپ ، جەنۇبى تېبەتلەرنىڭ بىر قىسمى ۋە قارلۇقلار بىلەن ، غەربىي قىسمى قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى ، شىمالىي تەرىپىمۇ قىرغىزلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دېيىلگەن . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلاردۇر ① . بۇ خاتىرە IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېزىلغان خاتىرە بولۇپ ، «XI ئەسىردىن ئىلگىرى ، قىرغىزلار ئەسلى بۈگۈنكى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ساھىلىدە ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان دائىرىنىڭ سىرتىدا ياشايتتى» ② . دېمەك كەمەكلەر بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قىرغىزلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . يەنە ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇج ـ ئەد ـ داخاب ــ ئالتۇن يايلاق» (1944 ـ يىلى) ، پارس جۇغراپىيەشۇناسى گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەغبار» (1048 ـ 1052) ناملىق كىتابلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنىڭ زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى سۆزلەنگەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى كەمەكلەرنىڭ يۇرتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە ئىجتىمائىي پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىدىكى «كەمەك» دەل قەدىمكى زاماندىكى كەمەك قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . بۇنىڭ ئاساسى :

بىرىنچى ، كەمەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار تارىختا مۇئەييەن ئالاقىدە بولغان . ئۇزۇن يىللار قوشنا بولۇپ ياشىغاندىن باشقا ، ئوخشاش تېررىتورىيىدە بىللە ھايات كەچۈرگەن ، بىرمۇنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەمەكلەرگە قېتىلىپ كەتكەن ، يەنە بىر قىسىم كەمەكلەر ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن .

ئىككىنچى ، كەمەكلەر تۈركىي قەبىلە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە ، بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىنلىق ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە .

ئۈچىنچى ، قەدىمكى تۈركىي قەبىلە «كېمەك ـ Kemak ـ Kemak» لەرنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئوي ـ تەسەۋۋۇرلىرىدىكى «كەمەك» دېگەن ئىسمىنىڭ تەلەپپۇزى ئوپئوخشاش بولۇپ ، ئارىلىقتىن مىڭ يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ ئىسمىنىڭ تاۋۇشلىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي ، ئەينەن ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنگەن .

تۆتىنچى ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زامان تىل ئىستېمالىدىكى «كەمەك» ئاتالغۇسىنى ئالاقىدار قىلىپ ئىزاھلايدىغان باشقا يىپ ئۇچى يوق .

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى كەمەكلەرنىڭ قەبىلە ـ قوۋم نامى قانداق قىلىپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا بىر خىل ھەييار ، سېھىرگەرلىك قىلىدىغان بەدئىي ئوبرازنىڭ نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قال-

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قامۇسى» ، ش ئۇ ئار مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى . 131ـ بەت .

② «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ، 3 ـ سان ، 38 ـ بەت ، ئۈرۈمچى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غان؟ تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، كەمەكلەر ئارىسىدا يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولغان. بۇ ھەقتە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئەرەب شائىرى ۋە ساياھەتچىسى مىسسار (تولۇق نامى AbuDulaf misarbinAlmuhalhil) ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىنغىنىدا كەمەك (Kaymak) لار قەبىلىسى ئارىسىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق «رىسالە» («Risala»، 941 ـ 943 ـ يىللىرى يېزىلغان) سىدە سۆزلەپ: ئۇ يەردە بىر تاش بار بولۇپ، يادا تاش دەپ ئاتىلىدىكەن، ھەر دائىم كىشىلەر يامغۇر سۈيىگە ئېھتىياجلىق بولسا بۇ تاشقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يامغۇر ياغدۇرىدىكەن»[①] دېگەن.

يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان بىر خىل سېھىرگەرلىك پائالىيىتى. ئۇنىڭ ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن يازما تارىخى بار. يادا تاش ئەسلى كېسەل ئات، ئۆكۈز، بۆرە قاتارلىقلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەيلىرىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە يۇمىلاق، ياكى ياپپاقراق يۇمىلاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتەك، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس ھاۋا رەڭ، كۆل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ، سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ، ياكى چاينالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ قات ـ قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. چۆچۈشنى باسىدۇ. بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ.[②] ئۇنىڭ رەڭگى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى كېرەك. بەزى كىشىلەر بۇ خىل تاش ۋاستىسى بىلەن يامغۇر ياغدۇرىدىغان سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم مۇنداق پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر «پادىچى» دەپ ئاتالغان.

پادىچىلارنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇش سېھىرگەرلىكىنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغان. بەزىلەر، يادا تېشىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئەملەپ ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك قىلغان. يەنە بەزىلەر يادا تاشنى قولىدا ھەر خىل شەكىلدە ئايلاندۇرۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا چۆرۈپ، كەينىدىن سەكرەپ تۇتۇپ، يەرنى تاقلاپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغان، ئايرىملار بولسا كىچىك يادا تاشلارنى ئاغزىغا سېلىپ، كۆككە قاراپ پۈرقۈپ، تاقلاپ تۇتۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك قىلغان. پادىچىلار يامغۇر ياغدۇرۇش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە يامغۇرنى توختىتىدىغان سېھىرگەرلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان؛ ئۇلار قارمۇ ياغدۇرارمىش.

كەمەكلەر ئارىسىدىكى يادا تاش سېھىرگەرلىكى باشقا خەلقلەرنىڭ شۇ خىلدىكى سېھىرگەرلىككە قارىغاندا ئۆزگىچەرەك بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يې-

---

① گېبرىئىل فىرراند (GabriilFirrand، فرانسىيىلىك) تۈزۈپ ئىزاھلىغان «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر مۇجەتلىرىگە شەرھى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 233 ـ بەت.

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 1370 ـ بەت.

قىن . ئۇلار دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىدا
كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاساس قىلـ
غان بولغاچقا يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە
كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ خىل پائاـ
لىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ياـ
دا تاش سېھىرگەرلىرى قاتلىمى شەكىللەـ
نىپ ، ئۆز قەبىلىسى دائىرىسىدىلا ئەـ
مەس ، بەلكى قوشنا قەبىلە ـ ئۇلۇسلار
ئارىسىدىمۇ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
جان باققان بولسا كېرەك .

ئۇيغۇرلار ئۆز قوۋملىرى ئارىسىغا
كېلىپ يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن
شۇغۇللانغان سېھىرگەرلەرنى ۋە شۇلارغا
ئوخشاش ئىش قىلىدىغان ئۆز قوۋمى ئىچىدـ
دىكى كىشىلەرنى «كەمەك» ياكى «كەمەك
ھەييار» دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان دېـ
سەك ، تارىخىي ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلىـ
شىپ كەتمەسمىز .

چۆچەكلەر ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەردە
كەمەك ئوبرازىنىڭ سەلبىي ئوبرازغا ئايلىـ
نىپ كېتىشى ۋە يادا تاش سېھىرگەرلىكىـ
گە ئوخشمايدىغان ، كىشىلەرگە يامان تەـ
سىر بېرىدىغان جادۇ قىلىش ۋە يامان سېـ
ھىرگەرلىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئوبـ
راز بولۇپ قېلىشىمۇ يادا تاش سېھىرگەرـ
لىكىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ . بۇ ھەم ئۇزاق
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەـ
چۈرگەن بۇ ئوبرازنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىماـ
ئىي مۇھىت ئىچىدە ، ئاجايىپ ـ غارايىپ
تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاـ
سى ، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي
جەھەتتە ئىش قوشقانلىقى ۋە پىششىقلىغاـ
لىقىنىڭ نەتىجىسى .

يادا تاش سېھىرگەرلىكىنىڭ خاراكـ
تېرىگە كەلسەك ، يادا تاشنىڭ ياردىمى بىـ
لەن يامغۇر ، قار ياغدۇرۇش قىلچە ئىلمىي
ئاساسى يوق بىر خىل خۇراپىي ھەرىكەت .
قەدىمكى زاماندا (شىنجاڭدا ھازىرغىچە بۇ
خىل پائالىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ )
بەزى كىشىلەر بۇ خىل سېھىرگەرلىككە
ئىشەنگەن بولسىمۇ ، بەزىلەر ھېچقانداق
ئىلمىي ئاساسى ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى بولـ
مىغان بۇ خىل پائالىيەتكە باشقىچە قاراشتا
بولغانلىقى چوقۇم . مۇنداقچە ئېيتقاندا
دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە ئىلمىي قاراشتا
بولىدىغان دانىشمەنلەر يادا تاش سېھىرگەرـ
لىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرـ
لەرگە مەسخىرىلىك پوزىتسىيىدە بولغان .
ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى مازاق
قىلغان ، قاملاشمىغان ، كۈلكىلىك ، كىناـ
يىلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان
ھەييار ئادەملەر دەپ ھېسابلىغان . شۇنىڭ
بىلەن بىرگە بىر قىسىم نادان ئادەملەرنى
كولدۇرلىتىپ ، قايمۇقتۇرىدىغان بۇنداق
يادا تاش سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوبرازى ئەسـ
لى ماھىيىتىدىن تېخىمۇ بىر بالداق تەرەقـ
قىي قىلىپ ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ، سىرـ
لىق ، جادۇگەرلىك قىلىقلىرىنى قىلىدىـ
غان چۆچەكلەردىكى «كەمەك ھەييار» ئوبـ
رازىغا تەرەققىي قىلىپ ، بىر خىل سەلبىي
تىپ بولۇپ قالغان . دۇنيادىكى ھەرقايسى
مىللەتلەر تارىخىدا ئاددىي ئوبرازلارنىڭ تىـ
پىك ئوبرازلارغا ، ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ
سەلبىي ئوبرازغا ، سەلبىي ئوبرازنىڭ ئىـ
جابىي ئوبرازغا ، بىر مىللەت خەلقى ئارىـ
سىدىكى ئوبرازنىڭ يەنە بىر مىللەت خەلقى
ئارىسىغا ئالمىشىپ كېلىشى ، ساقلىنىپ
قېلىنىشى ، مىللەت ۋە قوۋم نامىنىڭ
شەخس نامىغا ، شەخس نامىنىڭ مىللەت
نامىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئادەتتە كۆرۈلۈپ
تۇرىدىغان بىر خىل ھادىسە . كەمەك ھەيـ
يار ئوبرازىمۇ قەبىلە نامىدىن شەخس نامىـ
غا ، ئىجابىي ئوبرازدىن زامانىمىزغا كەلـ
گەندە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە سەلبىي ئوبـ
رازغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك
ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

قىن. ئۇلار دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس يادا تاش سېھىرگەرلىرى قاتلىمى شەكىللىنىپ، ئۆز قەبىلىسى دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قوشنا قەبىلە ـ ئۇلۇسلار ئارىسىدىمۇ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ جان باققان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار ئۆز قوۋملىرى ئارىسىغا كېلىپ يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغان سېھىرگەرلەرنى ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىدىغان ئۆز قوۋمى ئىچىدىكى كىشىلەرنى «كەمەك» ياكى «كەمەك ھەييار» دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان دېيىسەك، تارىخي ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلىشىپ كەتمەسمىز.

چۆچەكلەر ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەردە كەمەك ئوبرازىنىڭ سەلبىي ئوبرازغا ئايلىنىپ كېتىشى ۋە يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە ئوخشىمايدىغان، كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىدىغان جادۇ قىلىش ۋە يامان سېھىرگەرلىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئوبراز بولۇپ قېلىشىمۇ يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. بۇ ھەم ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئوبرازنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە، ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ئىش قوشقانلىقى ۋە پىششىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

يادا تاش سېھىرگەرلىكىنىڭ خاراكتېرىگە كەلسەك، يادا تاشنىڭ ياردىمى بىلەن يامغۇر، قار ياغدۇرۇش قىلچە ئىلمىي ئاساسي يوق بىر خىل خۇراپىي ھەرىكەت. قەدىمكى زاماندا (شىنجاڭدا ھازىرغىچە بۇ خىل پائالىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ) بەزى كىشىلەر بۇ خىل سېھىرگەرلىككە ئىشەنگەن بولسىمۇ، بەزىلەر ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى بولمىغان بۇ خىل پائالىيەتكە باشقىچە قاراشتا بولغانلىقى چوقۇم. مۇنداقچە ئېيتقاندا دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە ئىلمىي قاراشتا بولىدىغان دانىشمەنلەر يادا تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلەرگە مەسخىرىلىك پوزىتسىيىدە بولغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى مازاق قىلغان، قاملاشمىغان، كۈلكىلىك، كىنايىلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ھەييار ئادەملەر دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم نادان ئادەملەرنى كولدۇرلىتىپ، قايمۇقتۇرىدىغان بۇنداق يادا تاش سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوبرازى ئەسلى ماھىيىتىدىن تېخىمۇ بىر بالداق تەرەققىي قىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ، سىرلىق، جادۇگەرلىك قىلىقلىرىنى قىلىدىغان چۆچەكلەردىكى «كەمەك ھەييار» ئوبرازىغا تەرەققىي قىلىپ، بىر خىل سەلبىي تىپ بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدا ئاددىي ئوبرازلارنىڭ تىپىك ئوبرازلارغا، ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ سەلبىي ئوبرازغا، سەلبىي ئوبرازنىڭ ئىجابىي ئوبرازغا، بىر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئوبرازنىڭ يەنە بىر مىللەت خەلقى ئارىسىغا ئالمىشىپ كېلىشى، ساقلىنىپ قېلىنىشى، مىللەت ۋە قوۋم نامىنىڭ شەخس نامىغا، شەخس نامىنىڭ مىللەت نامىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئادەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل ھادىسە. كەمەك ھەييار ئوبرازىمۇ قەبىلە نامىدىن شەخس نامىغا، ئىجابىي ئوبرازدىن زامانىمىزغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە سەلبىي ئوبرازغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بەزىلەر كەمەكلەرنىڭ قەبىلە ـ قوۋم سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغىنىغا ئاز كەم مىڭ يىلچە بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر چۆچەكلىرى يېقىندىقى زامانغا كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان؛ بىز بىلەلەيدىغان ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئوبراز تۇرسا، بۇنى قانداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەمەك قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن چېتىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئۇيغۇر چۆچەكلىرى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى يېقىنقى زاماننىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. نۇرغۇن چۆچەكلەردىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر، ئوبراز ۋە پېرسوناژلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بەزىلىرىنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقى، ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر فېئودallıق جەمئىيەت باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەنلىكى تارىخىي ئەمەلىيەت. ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى كەمەك ۋە كەمەك ھەييار ئوبرازىغا كەلسەك، بۇنىڭ چۆچەكلەردىكى كەمەك ھەييار ئوبرازى بىلەن سوڭدىشىپ، خەلق ئارىسىدا سەييارە ئوبراز بولۇپ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن دۇنيادىكى بىرمۇنچە خەلقلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەمەكلەر ياشىغان ۋاقىت بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئايرىمىسى بولسىمۇ، بۇ ئىككى دەۋردە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن «كەمەك»لەرنىڭ روشەن باغلىنىشى بار بولۇپ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى «كەمەك ھەييار» ئوبرازى بىۋاسىتە كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «كەمەك»لەرگە تۇتىشىدۇ، دەپ ھېسابلاش مۇمكىنچىلىكى چوڭ. لېكىن، ئىككى تارىخىي دەۋردە كۆرۈلگەن «كەمەك» چۈشەنچىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى «كەمەك ھەييار» ئوبرازى پەقەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەبىلە نامى «كەمەك»تىن ئىسىم ئالغان ۋە ئۇنىڭ قىسمەن، ئەمما ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. نەتىجىدە قەبىلە نامى «كەمەك» ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بىر مۇتېخى بولۇش رولىنى ئوينىغان.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشى، تەسىرى مەسىلىسى مۇھىم بىر نۇقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ ئوبراز توغرۇلۇق يەنىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. كەڭ فولكلورغا قىزىققۇچى كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك قىزىقىشىنى قوزغاش مەقسىتىدە بۇ ئاددىي ماقالە يېزىلدى. تولۇقلىما پىكىرلەر ياكى قارشى پىكىر بولسا سەمىمىيلىك بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

مۇھەررىرى: ياسىن زىلال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

# نەۋائىينىڭ ئەخلاقىي ئۆگۈتلىرى

## ئەخلاق نورمىلىرى

### سەۋر

سەۋر — نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن
ۋە جىسمانىي لەززەتلىنىشلەردىن ئۆزىنى
يىغىشتۇر. سەۋر ئاچچىق، ئەمما مېۋىسى
تاتلىق. سەۋر قاتتىق، ئەمما نەتىجىسى
پايدىلىق. سەۋرنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇ-
تۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن كىشى بار-
مۇ؟ سەۋرگە قاتتىق كۆڭۈل باغلاپ ئازاد
بولمىغان تۇتقۇن بارمۇ؟ سەۋر شادلىقنىڭ
ئاچقۇچى ۋە چىگىكلەرنى يېشىپ تاشلىغۇ-
چىدۇر. سەۋر — بىر يولداشتۇركى، ئۇ-
نىڭ سۆھبىتىنى كۆڭۈل ئانچە تارتمىسى-
مۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەقسەتكە يې-
قىندۇر. سەۋر — بىر چۆپقەتتۇركى،
ئۇمىدىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، ئەمما ئۇنىڭ ئا-
خىرى ئارزۇغا تۇتاشتۇر. سەۋر بىر ئات-
تۇركى، ئۆزى ئاستىراق ماڭىدۇ، ئەمما
مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ؛ يۈكى ئېغىر بىر تۆ-
گىدۇركى، ئەمما خاتىرجەم ماكانغا ئېلىپ
بارىدۇ. سەۋر قاتتىق سۆزلۈك نەسىھەتچى-
گە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل ئازار
يەيدۇ، ئەمما مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ. سەۋر
داۋالىشى سۇس بىر دوختۇرغا ئوخشايدۇر-
كى، كېسەللەر باشتا ئۇنىڭدىن نارازى بو-
لىدۇ، ئەمما ئاخىردا سەۋر دېگەن داۋا بى-
لەن شىپا تاپىدۇ.

### قانائەت

قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۇيىنى ئې-
لىش بىلەن قۇرۇمايدۇ. خەزىنىدۇركى،
ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆك-
سۈپ قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېكىنزارلىقكى،
چاچقان ئۇرۇق ئىززەت — ئابرۇي كەلتۈ-
رىدۇ. ئۇ بىر دەرەخكى، شىخى ھۆرمەت
مېۋىسىنى بېرىدۇ. قانائەت كۆڭۈلگە ئو-
چۇقلۇق بېرىدۇ، كۆزگە يورۇقلۇق كەلتۈ-
رىدۇ. قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇق نې-
نى، تەمەخور پادىشاھنىڭ لەززەتلىك تا-
ماقلىرىدىن ياخشىراق.

قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە
كىرسەڭ، نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلى-
سەن. ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقساڭ
دوست — دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن.
قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك سېزىلىسىمۇ، نەتى-
جىسى ئۈستۈنلۈك بولىدۇ. ئاجىزلىقتەك
سېزىلىسىمۇ نەتىجىسى كۈچلۈك بولىدۇ.
قانائەت بىر ئۇرۇقكى، نەتىجىسى بايلىق؛
دەرەخكى، مېۋىسى بىھاجەتلىك. ئۇ بىر
مەيدۇركى، ئاچچىق، ئەمما نەتىجىسى تا-
ماشاغا ئوخشاش. ئۇ بىر يولدۇركى، قات-
تىق، ئەمما مەنزىلى شادلىق، قانائەت قاد-
چىكى راھەت كەلتۈرسە، تەمە ئازاب ۋە
زالالەت كەلتۈرىدۇ.

### توۋا

توۋا — يامان ئىشلارنىڭ قەبىھلىكى-
گە چۈشىنىپ يېتىشتۇر. تەۋبە — تو-
ۋىنىڭ يولدىشى بولۇپ، يامان ئىشلاردىن
ئۆزىنى تارتىشتۇر. توۋا — گۇناھكارنىڭ
ۋاقىت ئەيىنىكىنى گۇناھ داتلىرىدىن سۈر-

تۈپ تازىلايدۇ. تۇۋا — يامانلىق يولىنىڭ تۈگەنجىسىدۇر، ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. يامان قىلىقلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىشتۇر ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە مېڭىش ۋە كۆڭۈلگە كەلگەنلا ئىشنى ئىشلەشتىن ئۆزگىرىش ياساش، روھىي بىسەرەمجانلىقتىن نەپرەتلىنىشتۇر. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنى تاشلاشتۇر.

يامانلىقلاردىن نىجات تېپىشنىڭ چارىسى تۇۋا قىلىشتىن ئىبارەت. تۇۋا قىلىش گۇناھ ئىسيانلار قاراڭغۇسىدا چىراغ ياققانغا ئوخشاش ئىشتۇر. گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ھېچ كىشى خالىي بولالمايدۇ. ھېچكىم ئۆزىنى مەن پاك دەپ ئېيتالمايدۇ. تەڭرى جانلىقلارنى گۇناھتىن خالىي قىلىپ ياراتمىغان.

## ئېھسان

ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دىلغا يېقىنراق دەرىخى ئېھساندۇر. ئىنسان ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر دېگەن سۆز بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەلگە ماقۇل سۈپەتلەر ۋە ياخشى ئەخلاقنىڭ ھەممىسى ئېھسانغا تەۋەدۇر. ئېھسان بارچە ياخشىلىقلارنىڭ يىغىندىسى، ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ تەۋەلىكىدۇر.

ئېھسان ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ بىر سۈپەتتۇركى، ئۇ ئادەم جېنىنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېھسان بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، باشقا ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېھساندىن تۇغۇلىدۇ.

كىشىدە ھەممە ئەخلاق جەم بولغان بولسا، ئۇنى ئېھسان دەپ ئاتايدۇ. بۇلاردىن بىرى ساخاۋەت يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەت-

تۇر. ئەگەر ئادەمدە بۇلار يوق بولسا، ئۇنى ئىنسان دېمىسىمۇ بولىدۇ.

## ئىنساپ

ئادەمنىڭ نۇرغۇن ياخشى سۈپەتلىرى بار، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكى ئىنساپتۇر. ئىنساپسىز قىلمىشلاردا نۇقساندىن ئۆزگە نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىنساپى يوق كىشىنى ئىنسان دېگىلى بولمايدۇ. ئىنساپ ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى سۈپەتلىرىدىندۇر. لېكىن بۇنداق دۆلەتكە ھەرقانداق ئادەم مۇشەررەپ بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنساپى يوق كىشىدىن ھايۋان ياخشىراقتۇر. شۇڭا ئىنساپسىزنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ھەقىقەت ئىگىلىرى باشقىلاردىن ئىنساپ ئىزدىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتى ئۆزى ئۇلگە بولۇشتىن ئىبارەت. كىمكى ئەلدىن ئىنساپ تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ئىنساپ قىلمىسا، ئۇ مۇتلەق نائىنساپتۇر. بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىنساپتىنمۇ ياخشىراق سۈپەت يوق. بۇنى پەقەت مەرتىۋىسىز كىشىلەرلا سېزەلەيدۇ.

## ھىممەت

ئۆزىنى پەس تۇتقان كىشىلەرنىڭمۇ ئەگەر ھىممىتى ئۈستۈن بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ يەنىلا ئۆز لايىقىدا ئىززەت — ئابرۇيى ۋە مەرتىۋىسى بولىدۇ. ئادەم بىر سەدەپ بولسا، ھىممەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدۇ. سەدەپنىڭ شان — شەرىپى ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. كىشى ھىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئەمەل — مەنسىپى، ھەيۋەت — ھەشەمىتى، مال ۋە مەملىكىتى بولمىغان تەق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

-دىردىمۇ بۇنىڭ كارى چاغلىق . چۈنكى ، ئۇنىڭ بايلىقى ۋە بەخت - دۆلىتى مال ۋە مەنسەپ ئەمەس ، بەلكى ھىممەتتۇر . كىشى ھېچقانداق ئىشنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ ھىممەتلىك بولسىلا ، بۇنداق كىشى ھىممەتسىز غالىبلارغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەلدۇر . ئەگەر كىشىنىڭ مال - دۇنيالىرى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن ھىممەتى يوق بولسا ، بۇنداق كىشى ئەقىل ئىگەلىرى ئالدىدا يەنىلا ئىززەت ۋە ئېتىباردىن مەھرۇمدۇر . ھىممەت ئىنسانلاردىكى گۈزەللىكنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر . نەپسىنىڭ ت بېيىلىنىشىمۇ ھىممەت تۈپەيلىدىندۇر .

## ساخاۋەت

ساخاۋەت — ئىنسانىيەت بېغىنىڭ گۈزەل دەرىخىدۇر ، بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ شېرىن سەمەرىدۇر . ئادەملىك يۇرتىنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزى ، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ قىممەتلىك گۆھىرىدۇر . ساخاۋەت ئادەمگە بەدەندۇر ، ئىرادە ئۇنىڭ جېنى . غايىلىك كىشىلەر دۇنيادا كۆرمىڭ سىرلارنى ئاچالايدۇ . ئىرادىلىك كىشىلەرگە بۈيۈكلۈك بەك يارىشىدۇ . ئەمما ساخاۋەت ئىگىلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يارىشىدۇ . ئىسراپچىلىق — ساخاۋەت ئەمەس . بۇزۇۋېتىشنى سېخىيلىق دېمەس . خۇدا بەرگەن مالنى كۆيدۈرۈۋەتكەننى دىۋانە دەيدۇ ، كۈندۈزدە شام ياققاننى ئەقىلدىن بىگانە دەيدۇ . پەخىر قىلىش ئۈچۈن بېرىش مەنمەنلىك ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى سېخىي دېيىش بىھايالىق . بىر كىشىكى ئەل كۆرمىگۈچە بەرمەس ، ئۇ بىر بېخىلدۇركى ، سېخىي ئەمەس . سورىغاندا بەرگەننى ھەم سېخىيلىقتىن يىراق بىل ، مىننەت بىلەن بەرگەندىن بەرمىگەننى ياخشىراق بىل .

## كەرەم ۋە مۇرۇۋۋەت

كەرەم بىر جاپاكەشنىڭ قاتتىقچىلىق يۈكىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى بۇ قاتتىقچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر . بىراۋ ئۈچۈن خارلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ماقۇل بولۇشتۇر ، تىكەننىڭ ئارىسىدىن گۈلدەك ئېچىلىشتۇر . يەنە قىلغاننى دەپ يۈرمەسلىك ۋە ئېغىزغا ئالماسلىقتۇر . كەرەم قىلىنغان كىشىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە يۈزىگە سالماسلىقتۇر . كەرەم — خۇدانىڭ سۈپىتىدۇر . كەرەم ئىگىسى خۇدانىڭ بۇ سۈپىتىگە ئەگەشكەن كىشىدۇر .

يۇقسۇللارغا مۇرۇۋۋەت — سېخىيلىقنىڭ ئۇرۇق - قاياشى ، بەلكى بىر گېزەك قېرىنداشىدۇر . بۇ ئىككىسى ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلىپ ، يوقلۇق مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ كەتمىشتۇر . كەرەملىك كىشى ۋە مۇرۇۋۋەت ئىگىسى ياخشىلاردىن ئايرىلىپ كېتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇركى ، ھەر ئىككىلىسى قەيەردە بولسا ، تەگرىنىڭ پاناھىدا بولسۇن ۋە ئىززەت ، شەرەپنىڭ ئارامگاھىدا بولسۇن .

## ۋاپا

جاھان گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ يوقلۇقىدىن زىننەتسىزدۇر . ئادەم ئەۋلادىنىڭ گۈلى ۋاپا بۇيىنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشبۇي ئەمەستۇر . ۋاپانىڭ چىرىغى ھەممە قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتمايدۇ ۋە زامان بىۋاپالىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ . ۋاپا نەگەز گۈلدۇركى ، دەۋراننىڭ گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ . ۋاپانىڭ كۆڭلىدە ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنالمايدۇ . ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبتۇركى ، پاك كۆڭۈلدىن

باشقىغا يېقىنلىقى ۋە ئۆلپىتى يوق . ئۇ پاك يارالغان بىر تىلەكتۇركى ، پاك يارالغاندىن باشقىغا مەيلى ۋە رەغبىتى يوق . ئۇ بىر قىممەتلىك گۆھەردۇركى ، ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەتتۇر . ۋاپاغا ھايا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ . ھاياغا ۋاپا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ .

ۋاپانىڭ ئېتىكىدە ھايانىڭ زىكرى بار . كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت ئاتا بىلەن ئانا بولسا ، ۋاپا بىلەن ھايا بىر قورساقتىن چىققان بىر تۇغقانلاردۇر . بۇ ئىككى بىر تۇغقان ئۇل ئىگىسىگە (كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەتكە ) يېتىشكەندە ، ئاندىن شۇنچە ئالىي مەرتىۋىگە يەتكەن بولىدۇ . قايسىبىر كۆڭۈلدە ۋاپا ئورۇن ئالىدىكەن ، ھايامۇ ئورۇن ئالغان بولىدۇ . دېمەك ۋاپا تېپىلغان يەردە ھايا تېپىلىدۇ . ۋاپاسىزدا ھايا يوق ، ھاياسىزدا ۋاپا يوق . قانداقكى كىشىدە بۇ ئىككىسى بولمايدىكەن ، ئۇنىڭ ئىمانى يوق . ھەركىمدە ئىمان بولمايدىكەن ، ئۇنىڭدا ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئىمكانى يوق .

## كەمتەرلىك

كەمتەرلىك كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە دوست تۇتۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ . ئەنە شۇنداق دوستلۇقنىڭ گۈلشىنىدە گۈزەل گۈللەر ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ گۈللەر ئىناقلىق ، ئۆلپەتچىلىك بەزمىسىگە چېچىلىدۇ . كەمتەرلىك تەكەببۇر دۈشمەننى يۇمشىتىدۇ . ئادەتلىرى غەلىتە بولغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئىنسانىيەتنىڭ زەۋقىنى ئولتۇرغۇزىدۇ . كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ دۇئاسىغا سازاۋەر قىلىپ ، ھاياتىنىڭ لەززىتىدىن مىننەتدار قىلىدۇ . چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە كىچىكلەرنىڭ مېھرىنى سېلىپ ، بۇ مېھرىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئويغىتىدۇ . كەمتەرلىك كىچىكلەرنى كىشىنىڭ كۆزىگە چوڭ كۆرسىتىدۇ . بۇ ئەخلاقنى كىشىلەر چوڭ بىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بىھۆرمەتلىك قىلىشىدىن ، ئۇلارنىڭ ھەزىل قىلىشى ، سەل قارىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ . ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئارام يەتكۈزىدۇ . ئۇنىڭ كىچىكلەرگە قانچە نەتىجىسى بولسا ، چوڭلارغا ئۇنىڭدىنمۇ زورراق نەتىجە بېرىدۇ . ئەدەپتىن مۇھەببەت زىننەت تاپىدۇ . ئەدەپسىزلىك بىلەن دوستلۇقنىڭ زەۋقى كېتىپ قالىدۇ . ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنىڭ ئەينىكىگە جۇلا بېرىدۇ . بۇ ئىككىسى دوستلۇققا ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ . كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ ئىگىسىگە تەزىم ۋە ھۆرمەت يېتىپ بارىدۇ . كەمتەرلىك ئۇرۇقنى تېرىغان كىشى بۇ ئۇرۇقتىن گۆھەردىن ھوسۇل ئالىدۇ . ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ ، كىشىلەردە بۇ خىسلەت مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان بولسا ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىغان كىشى بولمايدۇ .

## مۇلايىملىق

مۇلايىملىق — ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى ، ئادەملىك دۇنياسىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر . مۇلايىملىقنى ھادىسىلەر دەرياسىدا كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەنگىرى دېسە بولىدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارازىسىنىڭ تېشىغا ئوخشاتسا بولىدۇ . مۇلايىملىق — ئىتتىپاقسىزلىق شامىلىنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە ھەۋەس كوچىسىدىكى مۇناپىقلارنىڭ بىمەنە يولسىز غەزەپلىرىدىن ساقلىغۇچىدۇر . ئۇ خەلقلەرنىڭ ئىززەت - ئىكرامىنى جەلپ قىلىدۇ . چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئىلتىپاتىنى جەلپ قىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## دوستلۇق

ھەركىمكى بىراۋ بىلەن ياردۇر ياكى يارلىق دەۋاسى باردۇر ، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى دوستىغىمۇ راۋا كۆرمىسە ، ئۆزىگە يامان كۆرگەننى دوستىغىمۇ يامان كۆرگەي . ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ، كۆڭۈلگە مۇشەققەتكى ئاندىن روھقا ئەلەم يېتەر ، ئۇ ئەلەمنى ئۆزى يۇتار . دوستى مۇشەققەت چەكسە ، جىسمىدا جېنى قالماس ياكى ئۆزىگە ئىستىمىگەننى دوستىغىمۇ ئىستىمەس .

ئادەم بالىسىدا كەمچىلىك ، خاتالىق بولىدۇ . كەمچىلىك ۋە خاتاسىنى تونۇپ ئويغانغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر . كىمكى ئېتىراپ تەرەپكە قايتسا ، گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ . كىمكى بىمەنە سۆزلەر بىلەن سەۋەب كۆرسىتىپ تاكاللاشسا ، گۇناھىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ . مۇبالىغىسى قانچە كۆپ بولسا ، خاتالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ . كىبىرىسى قانچە ئوشۇق بولسا ، رەسۋالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ .

شەكسىزكى خاتالىقنى تۈزەشنىڭ چارىسى — خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر . ئەگەر خاتالىقىغا سەۋەب كۆرسەتسە گۇناھىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ .

## كامىللىق

پىشمىغان ، نۇقسانلىق كىشىلا ئۆزىنى كامىل ۋايىغا يەتكەن ، دەپ ھېسابلايدۇ . ئۆز نۇقسانلىرىنى ئىسپاتلىيالىغان كىشىلا ھەقىقىي كامىل كىشى ھېسابلىنىدۇ . كامالەتكە ئېرىشكەنلەر ئۆز كامالىتى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئەكسىچە نۇقسانلىق كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت . . . ئۆز كامالىتى ھەققىدە گەپ سېتىش ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى ، جاھىللىقنى ئىسپاتلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . كىمكى ئۆزىنى ۋايىغا يەتكەن دەپ بىلسە ، دىتسىز ، نادان ، جاھىلنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ ، نۇقسان دېگەن ئەنە شۇ . بۇنداق نۇقسان كىشىنىڭ كامالەتكە يېتىشىگە ھەرگىز يول بەرمەيدۇ .

ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن دەپ ھېسابلىغۇچىلارنى ئۆزگەرتىش ، تۈزىتىش ئىنتايىن مۇشكۇل . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىناسى تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن قەد كۆتۈرگەن بولىدۇ .

## روھ ۋە نەپسى

ھەممە جانلىقنىڭ ۋۇجۇدىدا نەپسى بار ، شۇنداقلا روھمۇ بار . بۇلارنىڭ بىرىدىن شۇملۇق ۋە پالاكەتلىك كېلىدۇ . يەنە بىرىدىن مۇۋەپپەقىيەت ۋە ياخشىلىقلار كېلىدۇ . ھەركىم ئۆزىدىكى نەپسانىيەتنى بارغانسېرى كېمەيتىپ ، روھانىيەتنى كۆپەيتىشى زۆرۈر . ھەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇنداق سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشكە مۇناسىپ بولسا ، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى پاك ئۆتىدۇ . ھەركىمنىڭ ئادىتى ۋە مىجەزى ئۆزگىرىشچان تۇراقسىز بولسا ، ئۇلار ئەيپلاسلىق ۋە غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدۇ .

## نادانلىق

نادان ئېشەككىمۇ يەتمەيدۇ . چۈنكى ئېشەككە يۈك ئارتسا كۆتۈرىدۇ . قايان ھەيدىسەڭ شۇيان ماڭىدۇ . ئەقىل ، پەم داۋاسى يوق . بەرمىسەڭ ئاچ ، بەرسەڭ توق . نادان بۇ سۈپەتلەردىن يىراق ، زاتىدا ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشىراق چاغلايدۇ . ئۇ ئۆز ئىشىدا مەغرۇر ۋە تەكەببۇر ، خىيالىدا مىڭ يامان تەسەۋۋۇر . ھەممە قىلمىشى ئۇ-

زىگە خوپ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئۆزىگە مەغرۇر. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئازار بېرىش خىيالى بار، ئۇنىڭ نادانلىقىدىن ئەلگە زور زىيان ئېھتىمالى بار. ئېشەكنىڭ ھاڭىردىشىدىن قۇلاققا ئازاردىن باشقا نېمە ئەيىبى بار؟ تۈگمەندىن ئۇن ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇشقا ئوتۇن ئېلىپ كېلىدۇ. خىزمىتى مىننەتسىز.

نادانغا سۆز سۆزلەش بىكار. كۆپ سۆزلەش تېخىمۇ يامان. ئازراق سۆزلىسە نەسىھەت بولۇپمۇ قالار. لېكىن سۆزلىمىگەن ياخشىراقتۇر.

## ئەخلاقىي ھېكمەتلەر

△ ئەخلاق — شەخسنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى يىپەك كىيىمدۇر.

△ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغراقى ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈكلۈكى ۋە كامىللىقى ئالدىدا ئەقىل ھەيراندۇر.

△ مەيلى پادىشاھ بولسۇن، مەيلى پۇقرا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئالغا بېسىشى — ئۇنىڭ تەلەپ ئىستىكىگە باغلىقتۇر.

△ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ساقلىقتۇر. بەدەننىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقىنىڭ بۇزۇلۇشى — كۆڭۈلنىڭ ساغلاملىقى ۋە بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر. مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى — پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىغا باغلىق. پادىشاھ — مەملىكەتتىن ئىبارەت بەدەننىڭ جېنىدۇر. كۆڭۈل — بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر.

△ دانا قولدىن كەتكەنگە دەم ئۇرماس ۋە سۆز ئېيتماس. ئۆتكەن ياشلىق ئارزۇ بىلەن قايتماس. ئۆتكەن كۈن كەتكەن كۈندۇر. كەلمىگەندىن گەپ ئۇرغان نادامەت ئەھلىدۇر، ھازىرقىسى غەنىيمەتتۇر. بىر تۈرك كىشى «دەم — بۇ دەمدۇر» دېگەندىكەن.

ئۆتۈپ كەتكەن ۋە كەلمىگەن ئىشلارنى ئازراق ئويلا، چۈنكى، ساڭا غەنىيمەتى كۆز ئالدىڭدىكى شۇ ۋاقىتتۇر. ۋاقىت — مانا شۇ ۋاقىتتۇر.

△ ئۆزى ماڭمىغان يولغا باشقىلارنى باشلاش خۇددى مۇساپىرنى يولدىن ئازدۇرۇپ، سەھرادىن ياندۇرۇپ، باياۋانغا كەتكۈزۈشكە ئوخشاش. بەڭۋاشنىڭ ئەلنى ھوشيارلىققا ئۆگىتىشى — ئۇيقۇچىنىڭ ئەلگە ئويغاق بولۇشنى ئۆگىتىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۇيقۇدا ئېيتقان سۆزنىڭ نېمە ئېتىبارى بولسۇن.

△ ئۆزى دېگەن سۆزگە ئۆزى ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرگە تەسىر قىلمايدۇ.

△ قىلىقى سەتنىڭ خۇيى يامان بولىدۇ. ئاچچىقى يامانىنىڭ قاپىقى سەت بولىدۇ. قاپىقى يامان قىلىقى سەت قەيەرگە بارسا بىر بالاغا گىرىپتاردۇر. ھەمىشە ئۇنىڭ دۈشمىنى غالىب، ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ تۇرىدۇ.

△ ھەقىقىي دانالار كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىكى ۋە زىبۇزىننەتتىن ھەرگىزمۇ سۆز ئېچىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگۈچىلەر زادى ئەركەك ئەمەس. ناز ۋە ھۆسن ئادەتلىرى خوتۇنلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەركەكلەرنىڭ ئىشى دەرد ۋە مۇھەببەتتۇر. بارچە گۈزەللىك ۋە ھۆسن ئىگىلىرىگە مۇھەببەتلىك بولۇش شەرەپ ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئىشق شەكلەن گۈزەل-

لىكتىن مەنۇلىكىكە قاراپ يول ئالغۇسىدۇر .

△ ئۇلۇغلار : «زىبۇزىننەت ۋە كىيىم بىلەن ماختىنىش ئاياللارنىڭ ئادىتى» دېگەن . ئەركىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەل (ئەمەلىيەت) بىلەن ھاسىل بولىدۇ .

△ بۈيۈك دەرەخ ھەممە كىشىنىڭ بېشىغا تەك سايە سالىدۇ . لېكىن قارغىش تەگكۈر باللار دائىم دەرەخكە تاش ئاتىدۇ . گۈلشەندە گەرچە يۈز مىڭلىغان تىكەنلەر باشلىرىنى سوزۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن باھار يامغۇرى ھەربىر تىكەندە گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ .

△ بىر قوۋمنىڭ ئارىسىدا بىرەر باشلىق ياكى يولباشچى بولمىسا ، قوۋمنىڭ ھال ــ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر رەھبەر بولمىسا ، بۇنداق قوۋم چېچىلىپ ، پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ ، ئاخىر ھەممىسى تۈگىشىدۇ . قويلارنى باشقۇرۇپ ئوت ۋە سۇغا قويىدىغان چوپان بولمىسا ، بۇنداق قوي پادىسىنىڭ زايا بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال . ھەر- قانداق بىر جامائەتنىڭ پېشۋاسى بولمىسا ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق يولغا قەدەم قويالىشى تەس .

△ كىشىنىڭ ئىشىنى باشقا ئادەمنىڭ ئىشى دەپ قارىغان ، ئۇنى ئۆز ئىشىدەك ئىشلىمىگەن ئادەم ئۆزىنى كىشى دەپ (ئا- دەم دەپ) ھېسابلىماسلىقى كېرەك .

ئالىم ئەگەر نادان بىلەن تالىشىپ يۇ- رۇشنى ھەۋەس قىلسا ، بۇ ئىش ئۆزىگە ئاھانەتتۇر . ئالىم ئۆز بىلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلسە ، سىناش ئۈچۈن تاشقا ئۇرمايدۇ .

△ خەيرسىز باي يامغۇرى يوق بۇلۇتتۇر ، ئەمەلسىز ئالىم كىتاب يۈكلەنگەن ئۇلاغدۇر .

△ ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا ياكى ئۇرۇق سېلىپ ھوسۇل ئالمىغانغا ئوخشاشتۇر .

△ بۇ ئىككى كىشى ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزدى ، گۆرگە ھەسرەت ، ئارمان ئېلىپ كەتتى . بىرى شۇكى ، ئىلىم ئۆگەنىشكە ئەمگەك سەرپ ئەتتى ، ئەمما ئەمەل قىلمىدى . يەنە بىرى شۇكى ، مال يىغىشقا ئەمگەك سەرپ قىلدى ، ئەمما مال ئىشلىتىشنى بىلمىدى .

يا ياخشى بول ، يا يامان ، ھەر ئىككىسى بولمىغىن دېگەن ھامان يامان .

ھوشيار كىشىلەر نەزىرىدە شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، غەپلەت بىلەن تىرىك يۈرگەندىن كۆرە ، ئۆلۈم ياخشىراقتۇر .

سەپەر ـــ تاۋلىنىش ئوچىقىدۇر . بۇ تاۋلىنىش ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالتۇننى ئايرىپ چىقىدۇ .

(«مەھبۇبۇلقۇلۇب» ۋە «لىسانۇت- تەير» دىن تەييارلاندى)

تەييارلىغۇچى : **ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت**

مۇھەررىرى : **يۈسۈپ ئىسھاق**

# ساڭا كۆيسەم يامانمۇ

ھۆل ئوتۇننى قالسام ،
ئىس پاتمىدى مورىغا .
يار ئىشقىدا ئاغرىسام ،
ئانام كەتتى دورىغا .

سەن كەلمىسەڭ قېشىمغا
مەن بارىمەن ئاش ئېلىپ .
يار ئىشقىدا يىغلايمەن ،
قارا كۆزۈمگە ياش ئېلىپ .

قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزغا
سۇنى باشلاپ قويساڭچۇ .
پۇرسەت كەلدى ئەي يارىم ،
مېنى سۆيۈپ قويساڭچۇ .

ئاق قۇشقاچ قارا قۇشقاچ ،
ھاۋادا ئۇچار قۇشقاچ .
ياش توختىماس كۆزۈمدىن
يۈرىكىمگە دەرد توشقاچ .

سۇ تۇتىمەن دېمىسەم ،
ئۆستەڭ بويلاپ يۈرمەيتتىم .
سەن يارىمنى دېمىسەم ،
بۇ مەلەڭگە كەلمەيتتىم .

ئوڭ قولۇمدا ئاق پەلەي ،
سول قولۇمدا كۆك پەلەي .
قانداق قىلىمىز يارىم ،
باشتا كەلمىدى تەلەي .

كەپتەر قونسا تېرەككە
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى .
غۇنچە بوي لىۋەن يارىم ،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى .

سۇنى ئاچتىم تومۇزدا
قاغجىرىغان ئۈزۈمگە .
كۇنلەر شۇنداق ئۆتەرمۇ ،
يارىم پۇتمەي سۆزۈمگە .

ئالما ئاتتىم ئالامسىز ،
قوينىڭىزغا سالامسىز .
ئاغرىپ قالدىم قەلەم قاش ،
كېلىپ ماڭا قارامسىز ؟

توپلەي كىيدىم پۇتۇمغا
پەلەي كىيدىم قولۇمغا .
سېنى ئىزدەپ بارىمەن ،
قاراپ تۇرغىن يولۇمغا .

تورغاي مۇڭلۇق سايرايدۇ ،
ئەتىگەندە ـ سەھەردە .
يېقىن تۇتقان يارىم بار ،
قەشقەر دېگەن شەھەردە .

بىزنىڭ مەھەللە توغراقلىق ،
توغراقلىقتا قومۇش بار .
يالغۇز كۆرمەڭ شەھەردە
خېلى يېقىن تونۇش بار .

سۇنى ئالدىم قۇتىغا
تېمىپ كەتتى پۇتىغا .
مېنى تاشلاپ شۇ يارىم ،
قېچىپ كەتتى يۇرتىغا .

قاشلىق ئەتمىسەڭ يارىم ،
قېشىڭدىكى يەتمەمدۇ .
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم ،
يېنىڭدىكى يەتمەمدۇ .

قاپقارا بوران كەلدى ،
تار كوچاڭ داۋان كەلدى .
بىز ئوينايدىغان چاغدا ،
يار كىچىك ، نادان كەلدى .

قاپاق تېرەك شاخلايدۇ ،
سۇۋادانغا يول بەرمەي .
كېلىنىڭ يارىم ئوينايلى ؛
قىلتاقچىغا يول بەرمەي .

توپلىغۇچى : سابىرجان سىيىت (قەشقەر يېڭىشەھەر
تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ) ،مۇھەررىرى :خۇرسەنئاي

بۇ دۆلەت پادىشاھىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل مەلىكىسىنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن زالىم پادىشاھ نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ بۇ دۆلەتكە باستۇرۇپ كەپتۇ. بىراق بۇ دۆلەتنىڭ تەبىئىي شارائىتى ياخشى، مۇداپىئەسى كۈچلۈك، خەلقلىرى جان تىكىپ جەڭ قىلغاچقا، زالىم پادىشاھ شەھەرگە بۆسۈپ كىرەلمەي ئامالسىز قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگەن پادىشاھ مەغرۇرلىنىپ خۇدىنى بىلمەي، كىمنىڭ چىرايلىق قىزى بولسا، شۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقا بىر دۆلەتتىن كەلگەن بىر سودىگەر پادىشاھقا بىر قىزنى ھەدىيە قىپتۇ. بۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكەنكى، ئاي، كۈن خىجىل ئىكەن. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپ دەرھال سودىگەرگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ ۋە سودىدىكى باجلاردىن ئازاد قىلىپ چېگرادىن ئەركىن كىرىپ - چىقىش ھوقۇقى بېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھ ساھىبجامالنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ساھىبجامال ھېلىقى زالىم پادىشاھنىڭ دۆلىتىدىكى جادۇگەر بولۇپ 72 خىل سېھىرگەرلىكتىن خەۋەردار ئىكەن. جادۇگەر خانىش بولۇۋالغاندىن كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇقۇۋاپتۇ. پەيت يېتىپ كەلگەن كۈنى كەچتە ئۇ پادىشاھنى پاقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ مەلىكىنى گۈلگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنىكەن . . .

زۇنۇن ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ ۋە مەلىكىنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ نۇرغۇن دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كۈن پېتىپ جاھاننى مۇدھىش تۈن ئۆز قوينىغا ئالغاندا ھېلىقى دۆلەتكە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، شەھەرنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقالغان بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدىكەن. زۇنۇن قارغۇجا بىلەن ئىتىغا كىچىكىدىن گەپ ئۆگىتىپ كۆندۈرگەنىكەن. ئۇ قارغۇجىسىنى شەھەرگە كىرىپ ئارقا ئىشىكنىڭ ئىلغۇسىنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. قارغۇجا بۇيرۇقنى بىردەمدىلا ئورۇنداپتۇ. زۇنۇن پادىشاھ ئوردىسىنىڭمۇ دەرۋازىسىنى ئېچىپ تېزلىكتە پادىشاھ ھۇجرىسىغا قارىسا، تاتىلانغان يۈزلىرىدىن قان تامچىلاۋاتقان پادىشاھ مەلىكىگە قىلىچ بىلەن ھەيۋە قىلىۋاتقۇدەك، كىيىملىرى يىرتىلغان مەلىكە پادىشاھقا غەزەپ بىلەن قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېتىۋاتقۇدەك، زۇنۇن بىر تېپىك بىلەن دېرىزىنى چېقىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. پادىشاھ تىغ كۆتۈرۈپ كىرگەن يوچۇن كىشىنى كۆرۈپ خۇددى يىرتقۇچ ئېيىقتەك ئۇنىڭغا ھۆركىرەپ كەپتۇ. زۇنۇن غەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئاخىر بۇ جاللاتنى چېپىپ تاشلاپتۇ. مەلىكە ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا چەكسىز خۇشال بوپتۇ ۋە زۇنۇنغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ شۇنداقلا زۇنۇندىن نام - شەرىپىنى سوراپتۇ. زۇنۇن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. مەلىكە زۇنۇننىڭ باتۇرلۇقى ھەققىدە كۆپ ئاڭلاپ ئۇزۇندىن بېرى زۇنۇنغا غايىبانە ئاشىق بولغانىكەن. زۇنۇن مەلىكىنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ ئاتقا مىندۈرۈپ قۇيۇندەك چېپىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ كۆپ ئۆتمەستىنلا جادۇگەر تۇيۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بىراق يېتىشەلمەي بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر چەك-

سىز دەريا پەيدا بوپتۇ . ئۇلار دەريادىن
ئۆتۈش ئۈچۈن يول ئىزدەۋاتقاندا ، جادۇگەر
يېتىپ كېلىپ چوڭ لەھەڭ بېلىققا ئايلى-
نىپ ، دەم تارتىپ زۇنۇن بىلەن مەلىكىنى
يۇتۇۋېتىپتۇ . زۇنۇن قىلىچ بىلەن لەھەڭ-
نىڭ قارنىنى تىلىشقا باشلاپتۇ . ئاغرىق
ئازابىغا چىدىمىغان جادۇگەر ئۇلارنى يان-
دۇرۇۋېتىپتۇ . زۇنۇن دەرھال قارغۇجىغا
بۇيرۇق قىپتۇ . قارغۇجا ئوقتەك ئۇچۇپ
بېرىپ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن لەھەڭ-
نىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋاپتۇ . جادۇگەر
دەرھال بۆرىگە ئايلىنىپ قېچىپتۇ . ئىت
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تالاشقا باشلاپ-
تۇ . جادۇگەر ئەڭ ئاخىرقى ۋاستىسىنى
ئىشقا سېلىپ بىر بىچارە مومايغا ئايلى-
نىپ ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ زۇ-
نۇندىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ . ئۇ-
نىڭ نالىسىدىن تاشلار ئېرىپ ، كۆز ياشلى-
رى كۆلگە ئايلىنىپتۇ . بىراق زۇنۇن ئۇ-
نىڭغا :

— سېنىڭ ئادەم گۆشى يەيدىغان
تەبىئىتىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ ، مەن
ساڭا رەھىم قىلسام بەربىر بىر كۈنى مې-
نىڭ گۆشۈمنى يەيسەن ، سەن خەلققە كەل-
تۈرگەن بالايىئاپەتكە جاۋاب بېرىشىڭ
كېرەك ، — دەپتۇ ـ دە ، جادۇگەرنى غە-
زەپ بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ .

جادۇگەر ئۆلگەندىن كېيىن ئەكسىگە
كەلگەن پادىشاھ خۇددى ئېغىر ئۇيقۇدىن
ئويغانغاندەك بوپتۇ . ئوردا ئەھلى پادىشاھقا
بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . بۇنى
ئاڭلاپ پادىشاھ ئۆز ئىشىغا قاتتىق پۇشاي-
مان قىپتۇ ۋە مەلىكىدىن ئەنسىرەپ لەشكەر-
لىرىنى يىغىپ شەھەر سىرتىغا مېڭىپتۇ . يې-
رىم يولدا پادىشاھ يىراقتىن ساق ـ سالا-
مەت كېلىۋاتقان قىزىنى كۆرۈپ خۇشاللى-
قىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ . ھوشىغا كې-
لىپ زۇنۇننىڭ ياۋۇز پادىشاھ ۋە جادۇ-
گەرنى ئۆلتۈرۈپ قىزى ۋە ئۆزىنى ئۆلۈم-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ
كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە كاتتا زىياپەت
بېرىپ قىزىنى زۇنۇنغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ .

تويدىن كېيىن پادىشاھ زۇنۇنغا شاھ-
لىق ئورنىنى بەرمەكچى بوپتۇ .

— ماڭا پادىشاھلىق كېرەك ئەمەس ،
قېرىغان ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىدا تۇرسام
دەيمەن ، — دەپتۇ زۇنۇن .

پادىشاھ ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ ۋە
نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇلارنى
ئۇزىتىپ قويۇپتۇ .

زۇنۇن مەلىكىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەپ-
تۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ساق ـ سالامەت
كۆرۈشۈپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ .

توپلىغۇچى : **ئابلەت يۇسۇپ**
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىدىن )
مۇھەررىرى : **خۇرسەنئاي مەتىمىن**

---

(بېشى 77 ـ بەتتە )ئوقۇيدىغان ، مەملىكىتىمىز
ئىچىدىن خەلقئاراغىچە ئىناۋەت قازانغان نوپۇز-
لۇق ژۇرنالغا ئايلانغانلىقتىن ئىپتىخارلىنىدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى . ئەدىب ـ ئالىملار مۇنداق
دەپ قاراشتى : «مىراس» ژۇرنىلى ئاپتونوم را-
يونىمىزدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدى-
غان ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە
بېغىشلانغان بىردىنبىر ژۇرنال . شۇنداقلا ئاپتو-
نوم رايونىمىز بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇر-
نال . «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ قازانغان نەتىجىلى-
رى كۆپ ، شان ـ شەرىپى پارلاق ھەمدە ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ ،
شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشقا ، سۈپەتنى تې-
خىمۇ ئۈستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

ئەدىب ، ئالىم ، تەتقىقاتچىلار بەس ـ بەستە
سۆز قىلىپ «مىراس» ژۇرنىلىدىن كۈتىدىغان
ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى .

**نۇرنىسا باقى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەبىرنامە *

## ئون ئالتىنچى باب
## بۇ بابتا يالىڭاچ ئادەم ۋە هايۋانلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم يالىڭاچ يۈرۈپ چۈش كۆرسە، غەمدىن خالاس بولۇپ، گۇناھىدىن پاكلانغاي.

ئەگەر ئادەم هايۋان بىلەن ئۇرۇشۇپ چۈش كۆرسە، بۇ كىشىگە هايۋان غالىب كەلسە سەدىقە بەرسۇن. ئەگەر بۇ كىشى هايۋانغا غالىب كەلسە، دۈشمىنىگە غالىب كەلگەي. ئەگەر ئادەم ئاشۇ هايۋاننىڭ گۆشىنى يېسە، غەمگە قالۇر. ئەگەر هايۋان بۇ ئادەمنىڭ گۆشىنى يېسە، توۋا قىلىپ، سەدىقە بەرمەك كېرەك.

## ئون يەتتىنچى باب
## بۇ بابتا قان ئالماق سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ئۆزىدىن قان ئېلىپ چۈش كۆرسە، غەمدىن خالاس تاپار. قان كۆپ ئېقىپ چۈش كۆرسە، توۋا قىلىپ سەدىقە بەرسۇن. ئەگەر ئادەم قان قىلىپ چۈش كۆرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەن بولۇر. بىمار بولسا ساقىيار، قەرزدار بولسا قەرزدىن خالاس بولۇر.

ئەگەر هىجامەت (قان قىلغۇچى) ئاغرىق بولۇپ چۈش كۆرسە، غەمگە قالۇر. ئەزاسىدا نۇقسان كۆرسە، مەرتىۋىسىدىن چۈشەر. ئەزالىرىدىكى نۇقسان زىيادە بولسا، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇر.

## ئون سەككىزىنچى باب
## بۇ بابتا چېچەك، بەرەس (ئاق) كېسەللەر سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم پېسە چۈش كۆرسە، مال مەنپەئەت تاپار، پۇلى كۆپ بولۇر. ئادەم چېچەك چىقىپ چۈش كۆرسە، غەمدىن قۇتۇلار، ماللىرى زىيادە بولۇر. تەقىپتە بولسا ئازاد بولۇر. كېسەل بولسا شىپا تاپار.

ئادەم مۇقىم جايدا ياكى سەھرادا تاھارەت سۇندۇرسا، غەمدىن خالاس بولۇر.

ئەگەر ئادەم تاغ چۈش كۆرسە، تاغ قۇرۇق بولسۇن ياكى هۆل بولسۇن مال - مەنپەئەت تاپار.

ئەگەر ئادەم هايۋانلارنىڭ ماياق، تېزىكىنى چۈش كۆرسە، غەمدىن خالاس بولۇر.

ئەگەر ئادەم كونا قۇدۇقنى چۈشىدە كۆرسە، غايىبتىن كەنج تاپار، زەردار بولۇر.

## ئون توققۇزىنچى باب
## بۇ بابتا تېرە، پىياز، تۇز، نان قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ئاش ئىچىدىغان ئەسۋابىنى چۈشىسە، خۇشال بولۇر.

ئەگەر ئادەم تۇزلۇق چۈش كۆرسە، پۇل - مال تاپار.

ئەگەر ئادەم تۇزنى يەپ - ئىچىپ چۈش كۆرسە، غەم يېتەر. ئادەم قارا تۇزنى چۈشىسە، زەردار بولۇر.

ئەگەر ئادەم سامان چۈش كۆرسە، مال - بىسات قولغا كېلۇر. ئەگەر ئادەم چېچىلىپ تۇرغان سامانىنى يىغىپ چۈش كۆرسە، باي بولۇر.

ئەگەر ئادەم نان يەپ چۈش كۆرسە، هالالدىن پۇل تاپار، بىغەم بولۇر. هېچ نەرسە نان چۈشىگەندەك ياخشى ئەمەس.

## يىگىرمىنچى باب
## بۇ بابتا مېۋىلىك دەرەخ سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم دەرەخ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغلاردىن مەنپەئەت كۆرەر. ئەگەر ئادەم تال چۈشىسە، ئىشلىرى ياخشى بولۇر. تالنى سۇندۇرۇپ ياكى بۇزۇپ چۈش كۆرسە، غەم - مۇسىبەت يېتەر.

ئەگەر ئادەم دەرەخ سىلىپ چۈش كۆرسە، سائادەتمەن پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلۇر.

* بېشى ئالدىنقىساندا

ئەگەر ئادەم سەۋزە ياكى غىزا چۈش كۆرسە، كۆنلىرى ياخشى، دۆلەتمەن بولۇر.

ئەگەر ئادەم قۇرۇق ياكى ھۆل مېۋە چۈش كۆرسە، خۇشال بولۇر، ھالالدىن مەنپەئەت تاپار، مېۋە سېرىق بولسا ھارامدىن مال تاپار ۋە رەنجى كۆرەر.

ئەگەر ئادەم خورما چۈشسە، ئاخىرەتكە مەنپەئەتلىك مال تاپار.

ئادەم زەيتۇن چۈشسە، راھەت كۆرەر؛ ئانار چۈشسە، جاۋاھىر قولىغا كېلۇر. ئاچچىق ئانار چۈشسە، مۇشەققەت بىلەن پۇل تاپار. تاتلىق ئانار چۈش كۆرسە،، مۇشەققەتسىز پۇل تاپار، ئۇلۇغلاردىن مەنپەئەت كۆرەر. پادشاھ بولسا، يەنە مەملىكەت ئالار. سودىگەر بولسا، زەردار بولۇر. دېھقان بولسا، كۆپ ھوسۇل ئالار.

ئەگەر ئادەم قارا ئۈزۈم چۈشسە، پۇل تاپار. ئادەم تاتلىق مېۋە چۈشسە، مەنپەئەت، مېۋە ئاچچىق بولسا غەم يېتەر.

ئەگەر ئادەم غورا چۈش كۆرسە، يامان سۆز ئىشتۇر.

ئەگەر ئادەم سىركە چۈش كۆرسە، قىلغان ئىشلىرىدىن بەرىكەت تاپار، قەھەتچىلىكتىن ئامان، پادشاھقا يېقىن بولۇر.

ئەگەر ئادەم قوغۇن تېرىپ چۈش كۆرسە، خوتۇن تەرەپتىن مىراس تېگەر. سېرىق ئۆرۈك تۆكۈلۈپ چۈش كۆرسە، ئوبدان ئەمەستۇر، سەدىقە بەرسۇن.

ئەگەر ئادەم ئەنجۇر چۈش كۆرسە، ھالالدىن مال تاپار. ئالما چۈش كۆرسە، دوست ــ يارەنلىرىدىن سوۋغات كېلۇر، بېھى چۈش كۆرسە، ياخشىلىقتۇر. جوزە چۈش كۆرسە، زەردار بولۇر. قاپاق چۈش كۆرسە، ياخشى پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلۇر. شاپتۇل چۈش كۆرسە، زەردار بولۇر. ئامۇت چۈش كۆرسە، بىتاپ بولۇر. ئەمما مال ــ دۇنياسى كۆپ بولۇر. ئۈجمە چۈش كۆرسە، كۆپ ئادەملەرگە مەنپەئەت يېتەر. مەرتىۋىلىك بولۇر.

ئەگەر ئادەم بۇغداي چۈشسە، سالامەت بولۇر، بۇغداينىڭ بېشىنى يىغىپ چۈش كۆرسە، بىھېساب بايلىققا ئېرىشكەي، بۇغداينى يەپ چۈش كۆرسە، مەرتىۋىسىدىن قالغاي.

ئەگەر ئادەم ئۇن چۈش كۆرسە، رىزقى كەڭرى بولۇر، زىرائەت تېرىپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر.

## يىگىرمە بىرىنچى باب
## بۇ بابتا نان، ھەسەل، ھالۋا، شېكەر سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم نان چۈشسە، ھالالدىن مال تاپار، ناننى ئۈلەشتۈرۈپ چۈش كۆرسە، ئەرزانچىلىق بولۇر.

ئەگەر ئۈشتۈلگان نان چۈشسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر. ئەگەر ئادەم شېكەر، ھەسەل، ھالۋا چۈش كۆرسە، ئىززەت ــ ھۆرمەت تاپقاي.

ئەگەر ئادەم ھەسەل چۈش كۆرسە، مەملىكەت ۋە مىراس تاپار. ئەگەر ئادەم ياغ چۈش كۆرسە، ئاچچىق بولسا زىيان، تاتلىق بولسا پايدا كۆرەر.

ئەگەر كالا يېغى چۈشسە، نېمىتى زىيادە بولغاي.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب
## بۇ بابتا شەربەت ۋە شارابلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئالما شەربىتى، ئانار شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى چۈش كۆرسە، ئوبداندۇر. بۇلارنى ئىچىپ چۈش كۆرسە، خاپىلىقتىن قۇتۇلۇر. ئەگەر ئۇلار ئاچچىق بولسا مۇشەققەت يېتەر.

ئادەم سۈزۈك سۇ چۈش كۆرسە، نېمەت ۋە راھەت تاپار.

ئەگەر ئادەم شىرنە ئىچىپ چۈش كۆرسە، ياخشى روزىغار، ھالالدىن مال ــ مەنپەئەت تاپار. ئاغرىق بولسا ساقىيار، ئەگەردە شىرنە ئاچچىق بولسا غەمكىن بولۇر.

ئەگەر ئادەم شاراب ئىچىپ چۈش كۆرسە، خۇسۇمەت پەيدا بولۇر. مەست بولۇپ چۈش كۆرسە، غەم ــ ئەندىشە يېتەر، زەردار بولۇر.

زەھەر چۈش كۆرسە، يېتىم ھەققى نېسىپ بولۇر، ئادەم زەھەر ئىچىپ چۈش كۆرسە، خالىس ھالدا توۋا قىلۇر. ئەگەر ئادەم شەربەت چۈش كۆرسە، زەردار، ئەمما بېخىل بولۇر. توۋا قىلسا گۇناھىدىن پاك بولۇر.

ئەگەر ئادەم زۇپا شەربىتى ۋە باشقا شەربەت دورىلارنى چۈش كۆرسە، ھالالدىن مال ۋە ئىلىم ــ ھېكمەت تېپىپ، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

ئەگەر ئادەم يولۋاسنى سېغىپ چۈش كۆرسە، تولا پۇل تاپار، تاپقان پۇلى مەنپەئەت قىلۇر. قېتىق چۈش كۆرسە، ياخشىلىقتۇر.

ئەگەر كېيىك، توشقان سۈتى چۈش كۆرسە، خوتۇن تەرىپىدىن مىراس تاپار. ئاتنىڭ سۈ-

www.uyghurkitap.com

تىنى چۈش كۆرسە، پادىشاھلاردىن مەنپەئەت ۋە ئىنئام ئالار. تۈگە سۈتىنى چۈشسە، دۈشمىنىگە غالىب كېلۇر. ئىتنىڭ سۈتىنى چۈشىدە كۆرسە، ھارامدىن مال ـ دۇنيا تاپار، شۇنداقلا قورقۇنچ ئۇلشىپ كېسەل يېتەر. تۈلكىنىڭ سۈتىنى چۈشىدە كۆرسە، تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇر، سەدىقە بەرمەك كېرەك. مۈشۈك سۈتى چۈش كۆرسە، كېسەللىك ھەم غەم يېتەر. يولۋاس سۈتى چۈش كۆرسە، يېنىك كېسەل بولۇر، لېكىن دۆلەتمەن بولۇر. ئېشەكنىڭ سۈتىنى چۈش كۆرسە، يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش. قۇلان سۈتىنى چۈشىدە كۆرسە، ئويلىمىغان يەردىن پۇل تاپار. ئەگەر ئادەم تۇلۇم ياكى مەشكاپ چۈش كۆرسە، راستلىقتىن گۇۋاھلىق بېرۇر.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب
## بۇ باپتا كاندىن چىقىدىغان نەرسىلەر سۆزلىنىدۇ

ئادەم جاۋاھىر چۈش كۆرسە، مال ـ بىسات تاپار، ياخشى پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلۇر. ياقۇت چۈش كۆرسە، دوست ـ يارەنلىرىدىن خۇشال بولۇر، پەرزەنتلىرى خىزمىتىنى ياخشى قىلار. مەرۋايىت چۈش كۆرسە، ياكى ئالسا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر. جەۋھەر چۈشسە، ئىلىمدىن مەنپەئەت ئالۇر. دۆلەتمەن بولغاي. مارجان چۈشسە، يا ئالسا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ياخشى خوتۇن نېسىپ بولۇر. چۈشىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش ھالقا كۆرسە، ساھىبجامال خوتۇندىن بېشارەت.

ئەگەر ئادەم تۇقا ياكى ھالقا كۆرسە، دۆلەت ۋە مەرتىۋە كۆرەر. بىلەيزۈك چۈش كۆرسە، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇر.

ئەگەر ئادەم (ئېشەك مونچىقى) جا مارجان چۈش كۆرسە، يامان سۆز ئاڭلار. ئايال كىشى بويىنغا ئاسىدىغان زەنجىر چۈش كۆرسە، مەزلۇم كىشىگە ياخشى، ئەركىشىگە ياخشى ئەمەس.

ئەگەر ئادەم ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى خەجلەپ چۈش كۆرسە، ئەرزانچىلىق بولۇر.

ئەگەر ئادەم مىس چۈش كۆرسە، ئۆي ماكانلىق ۋە بىساتلىرى كۆپ بولۇر.

ئەگەر ئادەم جام، ئاياق، چىنە، ھاۋانچا، كوزا، كۆپ چۈش كۆرسە، مال ـ مەنپەئەت، خۇشاللىقتىن بېشارەت.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب
## بۇ باپتا كىيىم ـ كېچەكلەر سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ئېگىن چۈش كۆرسە، غەمدىن خالاس بولۇر.

ئەگەر ئادەم بېشىغا بىرەر نەرسە كىيىپ چۈش كۆرسە، دۆلىتى زىيادە بولۇر. كۆلا كىيىپ چۈش كۆرسە، قابىلىيىتىگە يارىشا خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ بولۇر.

ئەگەر ئادەم كالتا چاپان ياكى كالتا ئىشتان چۈش كۆرسە، رىزقى كەڭرى بولۇپ، مۇرادىغا يېتەر.

ئەگەر ئادەم ئەڭگۈشتەر چۈش كۆرسە، قانچە قىممەت باھالىق بولسا دۆلىتى شۇنچە زىيادە بولۇر.

ئەگەر ئادەم چۈشىدە ئۈزۈكنى كۆرسە، ياكى يىتتۈرسە ياكى سۇنۇپ كەتسە مېلىغا زىيان بولۇر.

پىروزا كۆزلۈك ئۈزۈك چۈش كۆرسە، ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەي. ئادەم قولىغا ئىككى ئۈزۈك سېلىپ چۈش كۆرسە، خوتۇنى قوشكېزەك تۇغقاي.

ئەگەر ئادەم ھېقىق كۆزلۈك ئۈزۈك چۈش كۆرسە، پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلۇر.

ئەگەر ئادەم يىپەك كىيىم كىيىپ چۈش كۆرسە، دۆلەت. رەڭگى يېشىل بولسا، زىيان يەتمەس، ئەگەر رەڭلىك كىيىم بولسا نېمەت ۋە خۇشاللىق. كىيىمنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا خۇسۇمەت، پىروزا رەڭلىك بولسا مۇرادى ھاسىللىقتۇر.

كىيىم كىر بولۇپ چۈش كۆرسە، غەمگە قالار. ئەگەر ئاق بولسا قەرزدىن قۇتۇلار. ئىككى دۇنيا ئابرۇيلۇق بولۇر.

ئەگەر ئادەم قىزىل رەڭلىك گىلەم چۈش كۆرسە، ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپار، كىيىش ياكى كالاچ چۈش كۆرسە، ياخشى خوتۇنغا ئېرىشەر، كىيىش كونا بولسا ناھايىتى ياخشىدۇر. بېلىگە كەمەر باغلاپ چۈش كۆرسە، ئىززەت ھۆرمىتى زىيادە بولۇر. ياغلىق چۈش كۆرسە، دۆلىتى زىيادە بولۇپ، غەمدىن خالاس بولغاي.

ئەگەر ئادەم كۆڭلەك كىيىپ چۈش كۆرسە، دۆلىتى زىيادە بولۇر.

ئەگەر ئادەم يالاڭۋاش چۈش كۆرسە، زەردار بولۇر.

ئەگەر ئادەم جۇۋا كىيىپ چۈش كۆرسە، دۈشمىنىگە غالىب كەلگەي.

ئەگەر ئادەم تويلۇق چۈش كۆرسە، ئەقلى

بەركامال بولار؛ تويلۇقنى ساندۇقتا سېلىپ ياكى ئېلىپ چۈش كۆرسە، خالايىقنىڭ مۇشكۇلاتى ئاسان بولار.

## يىگىرمە بەشىنچى باب
## بۇ بابتا ئىشكەل، قىسماقلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ئىشكەل، قىسماق، دام - تۇزاق چۈش كۆرسە، تۆھمەتكە قالار (سەدىقە بەرمەك كېرەك).

ئەگەر تاياق ياكى قامچا يەپ (ئۇرۇلۇپ) چۈش كۆرسە، ھەر تاياق، ھەربىر قامچىغا يۈز تەڭگە پۇل تاپار.

ئادەم يىڭنىگە يىپ سېلىپ، يىپ ئىگىرىپ ياكى بوز توقۇپ چۈش كۆرسە، ھاجىتى راۋا بولغاي.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

ئەگەر ئادەم جاما قىلىپ چۈش كۆرسە، شادىمان بولار.

ئەگەر ئادەم خوتۇن ئېلىپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر.

سۆيۈشۈپ چۈش كۆرسە، كىشىگە كېپىل بولار. ئادەم كىشى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، كۆرۈشۈپ چۈش كۆرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولار. ئادەم ئۆلۈك بىلەن كۆرۈشۈپ چۈش كۆرسە، ئۆلۈكنىڭ روھى مەدەت قىلار.

ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن جاما قىلىپ چۈش كۆرسە، ھەرنىمە تىلىسە تاپار. خوتۇننى قۇچاقلاپ چۈش كۆرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولار.

ئەگەر ئادەم قېرى خوتۇن بىلەن جاما قىلىپ چۈش كۆرسە، ئابرۇيى تۆكۈلەر.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب
## بۇ بابتا جەڭ ئەسۋابلىرى سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ساۋۇت كىيىپ چۈش كۆرسە، مەنپەئەتلىك، نۇسرەتلىك بولار. ئوق چۈش كۆرسە، ھەركىمگە سۆز قىلسا سۆزى قوبۇل بولار.

ئەگەر ئادەم كامان ياكى ئوقيا چۈش كۆرسە، پادىشاھلاردىن ئىنئام كۆرەر، خەلققە ئەمەنلىك بولار.

ئەگەر ئادەم خەنجەر چۈش كۆرسە، كۈچلۈك بولۇپ دۈشمىنىگە غالىب كېلۇر.

ئەگەر ئادەم ئوق ئېتىپ چۈش كۆرسە، ئوقى نىشانغا تەگسە مۇرادى ھاسىل، دۇئاسى ئىجاۋەت بولار. ئوق ئاردا توختاپ قالسا ياكى يېنىپ كەتسە دۈشمىنى زىيادە بولار.

ئەگەر ئادەم مىلتىق چۈش كۆرسە، پىتنە - پاسات پەيدا بولار.

ئەگەر ئادەم نەيزە چۈش كۆرسە، پادىشاھتىن خەلققە قورقۇنچ پەيدا بولار.

ئەگەر ئادەم ئەلەم (بايراق) چۈش كۆرسە، دۆلىتى زىيادە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ بولار.

ئەگەر ئادەم سەل كېتىپ چۈش كۆرسە، خۇسۇمەت - مالامەتدۇر. ئەگەر ئادەم كاناي چۈش كۆرسە، ياكى ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۈش كۆرسە، خۇسۇمەت - يالغانچىلىق پەيدا بولار.

ئەگەر ئادەم جەڭگان ئويناپ چۈش كۆرسە، ئىشلىرى ياخشى بولار.

ئەگەر ئادەم ئۇمۇد (توقماق، گۇرزە) چۈش كۆرسە، باھادىر پالۋان بولار. ئەگەر ئادەم تىغ چۈش كۆرسە، ھەر ۋاقىت خۇشال بولار.

ئەگەر ئادەم ئەينەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، غەم - غۇسسىدىن خالاس بولار.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب
## بۇ بابتا چەكمەن، تېرە سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم چەكمەن چۈش كۆرسە، مال- مەنپەئەت كۆرەر. تېرە چۈش كۆرسە، غەمسىز بولار.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب
## بۇ بابتا ئۆي بىساتلىرى، ھۇجرا، قەپەس، گۆرىستان سۆزلىنىدۇ

ئادەم ئۆي بىساتلىرىنى چۈشىسە، ياخشىدۇر. ئىسمى مەشھۇر بولار.

ئەگەر ئادەم ھۇجرا چۈش كۆرسە، شەرىئەتتە مەزمۇت تۇرار. ئەگەر گۆردىن چىقىپ چۈش كۆرسە، چوڭ غەمدىن خالاس بولار. گۆر كولاپ چۈش كۆرسە، مۇھىم ئىشلىرى قولغا كېلۇر. ئۆلۈكنى تىرىلىپ چۈش كۆرسە، ئىككى دۇنيانىڭ دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولار.

ئەگەر ئادەم ئۆلۈكنى يىغلاپ چۈش كۆرسە، ئازابتىن ئەمىن بولغاندۇر. ئۆلۈكنى كېسەل ھالەتتە چۈش كۆرسە، ئۆلۈكنىڭ ھەققىدە سەدىقە بەرمەك لازىم.

ئەگەر ئادەم ئۆلۈك ئادەمگە بىرەر نەرسە

بىرىپ چۈش كۆرسە ، ئۇ نەرسە خەلق ئارىسىدا كەڭرى بولار .

ئەگەر ئادەم ئۆزىنى جىنازىغا سېلىنغانلىق چۈش كۆرسە ، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ بولار . جىنازىدىن يىقىلسا ئەمەلدىن چۈشۈپ كېتەر . جىنازىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ مېڭىپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھقا خىزمەتكار بولار .

## ئوتتۇزىنچى باب

ئەگەر بىرەر ئادەمنى ئۇرۇپ چۈش كۆرسە ، دۈشمىنىگە غالىب كېلەر . دوستىنى ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، دوستى چوڭ غەمدىن خالاس بولار . باشقا بىرىدىن تاياق يەپ چۈش كۆرسە ، پايدا كۆرەر . ئادەمنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرسە ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر .

ئەگەر ئادەمنىڭ قول ـ پۇتى كېسىلگەنلىك چۈش كۆرسە ، ئۆمرى ئۇزۇن بولار ، خۇشاللىق يېتەر ، خالىس توۋا قىلسۇن .

ئەگەر ئادەم باشقا كىشىنى دارغا ئېسىپ چۈش كۆرسە ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر ، خەلق ئارىسىدا كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشەر .

## ئوتتۇز بىرىنچى باب
### بۇ بابتا چالغۇ ـ ئەسۋابلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۈش كۆرسە ، خۇش خەۋەر ، تەمبۇر ، چاڭ ، راۋاب چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ چۈش كۆرسە ، ماتەم بولار .

ئەگەر ئادەم كۆۋرۈك چۈش كۆرسە ، ھەممە كىشىگە پايدا يېتەر .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب
### بۇ بابتا ئىلىم ـ سېھىر سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم چوڭ يولدا ئارپا ياكى بۇغداي ، ئۈزۈم تۆكۈلۈپ چۈش كۆرسە ، ئەرزانچىلىق بولار . تائام سېتىپ چۈش كۆرسە ، تەشۋىش ، سېتىۋېلىپ چۈش كۆرسە ، ئىززەت .

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب
### بۇ بابتا ئاسمانغا چىقىپ چۈشمەك سۆزلىنىدۇ

ئادەم بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئۇچۇپ چۈش كۆرسە ، سەپەر قىلار .

ئەگەر ئادەم ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ چۈش كۆرسە ، مەنپەئەتلىك سەپەر قىلۇر ، دۆلىتى زىيادە بولار . ئەگەر ئادەم ئاسماندىن سالامەت يېنىپ چۈشسە ، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولار . ئاسماندىن يىقىلىپ چۈش كۆرسە ، خوتۇنى تالاق بولار .

ئاسمان ئوچۇق چۈش كۆرسە ، جاھان مەمۇرلۇق بولار . ئادەم ئاسمانغا چىقىپ پەرىشتىلەرنى كۆرسە ، راھەتكە ئېرىشەر . ھاۋادا يۈرۈپ چۈش كۆرسە ، مەرتىۋىسى زىيادە بولار . ئاسمانغا چىقىپ ئولتۇرۇپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھ بولار . ئاسماندا راۋاق ئېتىپ چۈش كۆرسە ، غەمدىن خالاس بولار .

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب
### بۇ بابتا ھايۋانات ، ئۇچارلىقلار ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم قارچىغا چۈش كۆرسە ، مۇشكۇلاتى ئاسان بولار . قولىغا قارچىغا قونۇپ چۈش كۆرسە ، خەلق ئارىسىدا ئەزىز بولار . قارچىغىنى تۇتۇۋېلىپ چۈش كۆرسە ، خوتۇن ئالار . قارچىغىنى باشقا جانۋارغا سېلىپ چۈش كۆرسە ، دۈشمىنى زەبۇن بولار . ھويلىسىغا قارچىغا قونسا بۇ ئائىلىگە دۆلەت كېلەر . قاغا چۈشسە ، مۇساپىر كىشىنى چۈشەر . قاغىنى تۇتۇۋېلىپ چۈشسە ، جاۋابخور خوتۇنغا نېسىپ بولار .

## ئوتتۇز بەشىنچى باب
### بۇ بابتا يىغلاش سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم چۈشىدە ئۈن چىقارماي يىغلىسا ، خۇشال بولار ، ئۈن قويۇپ يىغلىسا غەم باسار .

ئادەم ھايۋاندىن رەنجى يېتىپ چۈش كۆرسە ، يات ئادەمدىن كۆڭلى ئاغرىيدۇ .

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب
### بۇ بابتا قوي ، قوچقار ، كىيىك سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم چۈشىدە قوي ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، دۈشمىنىگە غالىب كېلەر . قوي سويۇپ ، قورسىقىنى يېرىپ چۈش كۆرسە ، شۇ مەھەللىدە بىر ئادەم قازا قىلار . قوي سويۇپ گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، مالدار بولار .

ئەگەر ئادەم قوچقار ياكى قوي قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرسە ، چوڭ غەمدىن خالاس بولار ، قەرزدار نىجات تاپار . قوي بېقىپ چۈش كۆرسە ، تامام خەلق ئۇنىڭ تەسەددۇپىغا ئۆتەر ،

چوڭ ئەمەلدار بولار .

ئەگەر ئادەم قاساپتىن گۆش ئېلىپ چۈش كۆرسە ، بىرەر مۇسىبەتتىن بىشارەت . ئەمما ئۆزى سالامەت بولار .

ئەگەر ئادەم ئۆيىگە قوي ئېلىپ كېلىپ چۈش كۆرسە ، نېمەتلىرى جەم بولار ، قوينىڭ چاۋىسىنى چۈش كۆرسە ، غايىب خەزىنە ئۇچرار ، ئەگەر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەپ چۈش كۆرسە ، چەكسىز مال تاپار .

ئەگەر قۇلاننىڭ گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، ناھايىتى كۆپ مال دۇنيا تاپار .

ئەگەر ئادەم كېيىك چۈش كۆرسە ، قىزدۇر ، كېيىكنى ئۆيىگە سولاپ چۈش كۆرسە ، ساھىبجامال خوتۇن ئالار .

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب
## بۇ بابتا ئاي ، ئۈي ، كالا سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم ئۇيغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھلاردىن مەنپەئەت كۆرەر . ئۇينى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ چۈش كۆرسە ، خەزىنىگە بەرىكەت كىرەر . ئۇ ئادەمنى ئۈي تېپىپ چۈش كۆرسە ، ئۇ كىشى ئىززەت مەرتىۋىسىدىن چۈشەر . ئۇينىڭ گۆشىنى تەقسىم قىلىپ چۈش كۆرسە ، مىراسقا ئىگە بولار ، ھەر خىل ئۈي ـ كالىلار سەھرادا ئوتلاپ چۈش كۆرسە ، ئۇ مەھەللىگە رەنجى ـ ئازاب پەيدا بولار . سېمىز كالا چۈش كۆرسە ، ئەرزانچىلىق ، كالا ئورۇق بولسا قەھەتچىلىك بولار .

كالىنى سېغىپ چۈش كۆرسە ، قۇل بولسا ھۆر بولار . مۇساپىر بولسا ئۆز ۋەتىنىگە بارار . قەرزدار بولسا قەرزدىن خالاس بولار .

ئەگەر ئادەم قارا ئۇيغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، شەكسىز ئۇلۇغ بولار .

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب
## بۇ بابتا پىل سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم پىلغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، كاتتا دۆلەتكە چىقار . كۆپلىگەن مال ـ دۇنيا تاپار .

پىل ئادەمگە بويسۇنۇپ چۈش كۆرسە ، يۇۋاش ، قانائەتچان خوتۇن ئالۇر . پىل ئادەمگە غەزەپ قىلىپ چۈش كۆرسە ، دۈشمىنى تەرىپىدىن غەم يېتەر . پىلنىڭ گۆشى ۋە تېرىسىنى چۈشىسە ، بۇ مال ـ دۇنيادىن بىشارەتتۇر . پادىشاھدىن مەنپەئەت كۆرەر .

پىل پۇتىنى ئادەمگە تەگكۈزۈپ چۈش كۆرسە ، غەم يېتەر . ئادەم پىلنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرسە ، خوتۇننى تالاق قىلار . پىلغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، ، پادىشاھ بولۇر . ئەگەر پىل چىشى بولسا يامان قىلىق خوتۇندىن ھەزەر قىلىش لازىم .

ئەگەر ئادەم سۇ كالىسىغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، بىر جامائەتكە باش بولۇر ، سۇ كالىسىنى ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، بىر چوڭ كىشىگە غەزەپ قىلۇر .

ئەگەر سۇ كالىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھدىن ئىنئام كۆرەر .

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب
## بۇ بابتا توڭگۇز ، ئېيىق ، چاشقان ، مۇشۇك ، يالمانتاق ، ئاغمىخان ، يىلان ، چايان قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم توڭگۇز تېپىۋېلىپ چۈش كۆرسە ، پاسىقلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇر ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، بەدئەھلى كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشار ، توڭگۇز گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، ھارام يەر ، ئادەم توڭگۇزنى بېقىپ چۈش كۆرسە ، پاسىق ئادەملەرگە باش بولۇر ، توڭگۇز ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ چۈش كۆرسە ، يامان ئادەملەردىن رەنجى كۆرەر .

ئەگەر ئادەم چاشقان چۈش كۆرسە ، ئۆيىگە ئوغرى پەيدا بولۇر ، چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، ھەج تاۋاپ قىلۇر ، چاشقاننى تۇتۇپ چۈش كۆرسە ، يامان ئىش قىلىدىغان خوتۇن ئالۇر .

ئەگەر ئادەم ئېيىق چۈش كۆرسە ، بەدخۇي خوتۇنغا گىرىپتار بولۇر . ئېيىق تېرىسى ۋە ئېيىق گۆشىنى چۈش كۆرسە ، مال ـ دۇنيا تاپار .

ئەگەر ئادەم توشقان چۈش كۆرسە ، مال ـ دۇنيا تاپار .

ئەگەر ئادەم مۇشۇك چۈش كۆرسە ، سۆزمەن بولۇر .

ئەگەر ئادەم مۇغا ① چۈش كۆرسە ،

---

①مۇغا —— مۇشۇك چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ھايۋان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەككار خىزمەتكار كېلۇر . كەسلەنچۈك چۈش كۆرسە ، نادان كىشى بىلەن دۈشمەن بولۇر . يىلان چۈش كۆرسە ، دۈشمەن پەيدا بولۇر ، يىلاننىڭ گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، مەنپەئەت كۆرەر ، يىلانغا غالىب كەلسە دۈشمىنىگە غالىب كېلۇر ، يىلان غالىپ كەلسە دۈشمىنى غالىب كېلۇر . يىلاننى ئۆلتۈرسە ، دۈشمىنى ئۆلەر ، ئاق يىلان مۇسۇلمان دۈشمەندۇر . قارا يىلان بەد مەزھەپ دۈشمەندۇر ، يىلاننى تۇتۇپ ساندۇققا سېلىپ چۈش كۆرسە ، چوڭ مەنپەئەتكە ئېرىشەر .

ئەگەر ئادەم ئەجدىھا چۈش كۆرسە ، زالىم پادىشاھقا گىرىپتار بولۇر .

ئەگەر ئادەم ئۆمۈچۈك چۈش كۆرسە ، باشقىلاردىن ئازار كۆرمەس . ئەگەر ئادەم قاراقۇمچاق چۈش كۆرسە ، چېقىمچى ئادەم بىلەن دوست بولۇر .

## قىرىقىنچى باب

## بۇ بابتا شىر ۋە يولۋاس قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم يولۋاس ياكى شىر بىلەن تۇتىشىپ قېلىپ چۈش كۆرسە ، بۇ ئادەم شىرنى يەڭسە ، دۈشمىنىگە غالىب كېلۇر ، شىرغا يېڭىلىپ قالسا ، دۈشمىنى بۇ ئادەمگە غالىب كېلۇر .

ئەگەر ئادەم شىرغا مىنىپ چۈش كۆرسە ، تامام دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولۇر ، خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەر . شىرنىڭ گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، كاتتا باي بولۇر . شىرنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چۈش كۆرسە ، دۈشمەندىن پايدا كېلۇر ، مۇراد ــ مەقسىتىگە يېتەر .

ئەگەر ئادەم يولۋاس بىلەن بىرگە چۈش كۆرسە ، بۇ كىشىنىڭ دۈشمىنى ھېچ كىشىگە ئاشنا بولماس ، ئەگەر يولۋاسقا مىنىپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھ بولۇر . يولۋاسنىڭ تېرىسى ياكى گۆشىنى چۈشىدە كۆرسە ، مال ــ مەنپەئەت تاپار .

ئەگەر ئادەم بۆرە چۈش كۆرسە ، خەلقنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىگە دۈشمەن بولۇر .

ئەگەر ئادەم تۈلكە چۈش كۆرسە ، ھىيلىگەر ، كاززاپ ، ساختىپەز ئادەم پەيدا بولۇر .

ئەگەر ئادەم ئىت چۈش كۆرسە ، ئالىم بولۇر ، ئەگەر ئىتنىڭ گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، دۈشمەننىڭ يولى توسۇلار .

ئەگەر كىرپە ئۆيگە كىرىپ چۈش كۆرسە ، ئۇ ئۆيگە ئوغرى كىرۇر .

ئەگەر ئۆيگە مۈشۈك كىرىپ چۈش كۆرسە ، ئۆي ئىگىسى ئالتە كۈن كېسەل بولۇپ ياتار .

ئەگەر مۈشۈكنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چۈش كۆرسە ، رەنجى ــ مۇشەققەت تارتار . ئەگەردە مۈشۈك گۆشى ۋە تېرىسىنى چۈشىدە كۆرسە ، مال ــ مەنپەئەت تاپار . ئەگەر كىرپە چۈش كۆرسە ، غەم ــ قايغۇ ئاز بولۇر .

ئەگەر ئادەم مايمۇن چۈش كۆرسە ، خۇدايىتائالانىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بولغان كىشىنى چۈشەر .

## قىرىق بىرىنچى باب

## بۇ بابتا ئۇچار قۇشلار سۆزلىنىدۇ

ئەگەر ئادەم تاز قارا چۈش كۆرسە ، ئۆلۈغلارغا يېقىن بولۇپ ، مەنپەئەت كۆرەر . تاز قاراغا مىنىپ ئاسمانغا چىقىپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھ بولۇر ، گۆشىنى يەپ چۈش كۆرسە ، پادىشاھلاردىن ئىنئام ئالار .

ئەگەر ئادەم بۈركۈت چۈش كۆرسە ، دۆلىتى زىيادە بولۇر .

ئەگەر ئادەم سوپىسوپىياڭ چۈش كۆرسە ، بىتاپ بولۇر .

ئەگەر ئادەم بايقۇش چۈش كۆرسە ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرەر .

ئەگەر ئادەم قارچىغا چۈش كۆرسە ، قارچىغا ھويلىسىغا چۈشسە ياكى تۇتۇۋالسا ، زەردار بولۇر ، دۆلىتى زىيادە بولۇر . ساھىبجامال خوتۇن ئالۇر .

ئەگەر ئادەم لاچىن چۈش كۆرسە ، دۈشمىنىگە غالىب كېلۇر .

ئەگەر ئادەم قۇرغۇي چۈش كۆرسە ، خۇشال بولۇر . خوتۇن ئالۇر .

ئەگەر ئادەم سېغىزخان چۈش كۆرسە ، دوس-

تىدىن ۋاپا كۆرمەس .

ئەگەر ئادەم توز چۈش كۆرسە ، خىزمەتكارى تولا بولۇر .

توزنى تۇتۇپ چۈش كۆرسە ، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇر . ئەگەر توزنىڭ بالىسىنى ئېلىپ چۈش كۆرسە ، قىز پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلۇر .

ئەگەر ئادەم ئۆردەك چۈش كۆرسە ، ھالال مۈلكى زىيادە بولۇر .

ئادەم ئۆردەك چۈش كۆرسە ، خۇشال بولار ، مەنپەئەت كۆرەر .

ئەگەر ئادەم قاغا چۈش كۆرسە ، مۇساپىرلارغا قوشۇلار .

ئەگەر ئادەم كەپتەر چۈش كۆرسە ، خىزمەتكارى تولا بولار ، كەپتەرنى تۇتۇۋالسا ، ئەقلى زىيادە بولۇر . بىرىدىن خۇش خەۋەر كېلۇر .

ئەگەر ئادەم كەكلىك چۈش كۆرسە ، خىزمەتچىلىرى كۆپ بولار . توخۇ تۇخۇمىنى چۈشىسە ، كۆپ پۇل تاپار . خوراز چۈش كۆرسە ، مەزىن بىلەن دوست بولار . قىرغاۋۇل چۈش كۆرسە ، خىيانەت قىلغۇچىلارغا ھەمسۆھبەت بولار . بۇلبۇل چۈش كۆرسە ، خۇش ئاۋاز كىشى بىلەن دوست بولار . قۇشقاچ چۈش كۆرسە ، مەنپەئەت كۆرەر ، ئەگەر قۇشقاچ قولغا قونسا ، كۆپلىگەن پۇل قولغا كېلۇر .

جۇغۇلدەك چۈش كۆرسە ، ئاجىز كىشىلەرگە زۇلۇم يېتەر ، شاتۇتى چۈش كۆرسە ، تىلى پاساھەتلىك چىرايلىق خوتۇنغا ، كاككۇك چۈش كۆرسە ، ئىشلىرى ئوڭ كېلىدىغان خوتۇنغا ، پاختەك چۈش كۆرسە ، بەدخۇي ، مۇناپىق خوتۇنغا ئېرىشكەي ، قارلىغاچ چۈش كۆرسە ، قىز ئالغاي ، ھۆپۈپ چۈش كۆرسە ، ئاقىل ، دانا كىشىگە دوست ، ھۆپۈپ ئۆيگە كىرىپ چۈش كۆرسە ، زەردەر بولار ، ئەگەر ئادەم سۇمۇرغ چۈش كۆرسە ، دۆلىتى زىيادە بولار .

## قىرىق ئىككىنچى باب

ئەگەر ئادەم ھەرە چۈشىسە ، ياش يىگىتنى چۈشەر . پەرۋانە چۈش كۆرسە ، نادان كىشىگە دوست بولار . بۈرگە ، پىت چۈش كۆرسە پەرزەنتلىرى كۆپ بولار ، بۈرگە ، پىتنى ئۆلتۈرۈپ چۈش كۆرسە ، غەمدىن خالاس بولار . چېكەتكە چۈش كۆرسە ، شول مەھەللىگە لەشكەر كېلىپ چوڭ غەلۋە - غوۋغا پەيدا بولار .

## قىرىق ئۈچىنچى باب

ئەگەر ئادەم بېلىق چۈش كۆرسە ، ھالالدىن مال تاپار ۋە پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلەر . ئەگەر بېلىقنىڭ قارنىدىن بىرەر نەرسە تېپىۋېلىپ چۈش كۆرسە ، خەزىنىسىگە بەرىكەت پەيدا بولار .

ئەگەر قومچاق شەھەر ياكى مەھەللىدە كۆپ بولۇپ چۈش كۆرسە ، شۇ شەھەر ياكى مەھەللىگە رەنجى - ئازاب پەيدا بولار . لەھەڭ چۈش كۆرسە ، ئۇياتسىز دۈشمەنىنىڭ يۈزىنى كۆرەر .

## قىرىق تۆتىنچى باب

ئەگەر تۆمۈرچىنى چۈشىسە ، مەرتىۋىسى زىيادە بولار . ئەگەر ئادەم چاقچى (ئەسۋاب چاقلىغۇچى) نى چۈشىدە كۆرسە ، ھەقنى ناھەقتىن ئايرىيدۇ ، قىلىچ سوقۇدىغان تۆمۈر چىنى كۆرسە ، خەلققە ئەدەپ ئۆگىتەر . تارازا تۇتىدىغان ئادەمنى چۈشىسە ، راستچىللىق بىلەن مەشھۇر بولار . باش كىيىم تىككۈچىنى چۈشىدە كۆرسە ، شادىمان بولار . نوختا ياسايدىغان ئادەمنى چۈشىدە كۆرسە ، خەلققە ئىلىم ئۆگىتەر . كۆنچى چۈشىسە ، ھەيۋەتلىك بولار . زەرگەرنى چۈشىدە كۆرسە ، ياخشى ئىشقا دەلىل بولار . ئەگەر ئادەم سودىگەر چۈشىسە ، بەخت- دۆلەت تاپار . تېۋىپ چۈش كۆرسە ، خەلققە نەسىھەت قىلار . ئەگەر ئادەم موزدوز چۈش كۆرسە ، مىراس تەقسىم قىلار . ئەگەر ئادەم چىغىرىق چۈش كۆرسە ، خەلقىنىڭ مۈشكۈلاتى ئېچىلار . ئاتقۇچ چۈش كۆرسە ، يالغان سۆزگە دەلىل بولار . ئەگەر ئادەم دەللال چۈش كۆرسە ، غەملىك بولار . ئەگەر ئادەم باققال چۈش كۆرسە ، كەڭرىلىك بولار .

تەييارلىغۇچى : مەمتىمىن تۇردى
(خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)

مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

# «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى قەدىمكى ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

ئەشرەپ ئابدۇللا

«ئوغۇزنامە» ـــ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانى . ئۇ تارىختا ئەدىبلەر ، تارىخچىلار ۋە تەزكىرىچىلەر تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى بار .

«ئوغۇزنامە» نىڭ XIII ئەسىردە تۇرپاندىكى بۇددىست ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسىدۇر . بۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ ئىسلام دىنى تەسىرىگە ئۇچرىمىغان نۇسخىسى بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى ئوۋچىلىق ھاياتى ، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ، توتېم ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ۋە شامانىزم چۈشەنچىلىرى ، ئۆرپ ـ ئادەت ، قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىرقەدەر روشەن ئىپادىلەنگەن .

## 1 . تەبىئەتكە چوقۇنۇش

«ئوغۇزنامە» دە : «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى ، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى . بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كۆك ئىدى » ، «ئوغۇزخاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى . ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق ، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى» (40 ـ 43، ـ بەتلەر) دېيىلىدۇ ، ئاندىن باشقا ئېپوستا «تاڭ سۈزۈلگەندە ، ئوغۇزخاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى ، ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك ، كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ .

«ئوغۇزنامە» دە يەنە مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ : «ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى . ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى . دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك ، چېچى سۇ ئېقىمىدەك ، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى» ؛ «ئوغۇزخاقان ئۇنى ئالدى ، تىلىكىگە يەتتى . ئۇ قىز ئىككىقات بولدى . ئۇ يەڭگىدى ، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى . تۇنجىسىغا كۆك دەپ ئات قويدى» («ئوغۇزنامە» 44 ـ ، 45 ـ بەتلەر) .

يۇقىرىقى تەسۋىرلەردە ئاساسىي قەھرىمان ئوغۇزخان ، ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئايالىنى ئاپىرىدە قىلغان نۇر ،چوڭ ـ كىچىك ئاياللىرىنىڭ تەقىتۇرقى ، دەرەختىن پەيدا بولغان بالىسىنىڭ ئىسمى ، ھەتتا بۆرىمۇ كۆك رەڭ بىلەن ئالاھىدە سۈپەتلەنگەن . بۇنىڭدىن كۆك رەڭنىڭ بىر خىل ئالاھىدە خاسىيەتلىك رەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . بۇ يەردىكى تەكرار تىلغا ئېلىنىۋاتقان كۆك رەڭ ، كۆككە چوقۇنۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر .

قەدىمكى ئەجدادلار يامغۇر ، قار ، بوران ، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ھەم قۇياش ، يۇلتۇز ، ئاي قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا تېخىمۇ ھەيران قالغان ۋە بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى كۆك ئاسمان ئوراپ تۇرغاچقا ، ئاسماننىڭ رەڭگى بولغان كۆك رەڭنى مۇقەددەس سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارىغان . بۇ خىل ساددا چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ، ئۇلاردا كۆككە تېۋىنىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن .

ئېپوستا ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى ئايالىغا ئالاھىدە تۈس بېرىلىپ ، ئۇنىڭ «كۆك يورۇق» دىن پەيدا بولغانلىقى ، ئىلاھىي تۈس بېرىلگەن بۆرىنىڭمۇ «كۆك» نۇردىن ئاپىرىدە بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن . دېمەك ئېپوستا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان كۆك نۇر ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يارىتىش خۇ-

سۈسىيىتىگە ئىگە ئالاھىدە نۇر بولۇپ ، بۇ كۆك
بىلەن باغلىنىپ كەلگەن .

«ئوغۇزنامە» دە : «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆ-
زى يورۇدى . ئۇ بۇ ئوغۇلنى تۇغدى . قىرىق كۈن-
دىن كېيىن چوڭ بولدى . ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتى-
دەك ، بېلى بۆرە بېلىدەك ، مۈرىسى قارا بۇلغۇن
مۈرىسىدەك ، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى»
(«ئوغۇزنامە» 40 ـ بەت) دېگەن تەسۋىرىدە ئو-
غۇزخاننىڭ ئايخاندىن تۆرەلگەنلىكى تىلغا ئېلىن-
غان . بەزىلەر ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ «ئايخان»
ئىكەنلىكىگە باغلاپ ، ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى «كۈن-
خان» بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا . ئېھتى-
مال ئەجدادلارنىڭ ساددا چۈشەنچىسىدە ، قۇياش
بىلەن ئاي بىر ـ بىرىگە ھەمراھ دەيدىغان قاراش
بولغاچقا ، كۈننى مۇقەددەس ھېسابلىغان ، ئەجداد-
لار كۈن بىلەن بىرگە ئاينىمۇ ئۇلۇغلىغان بولۇشى
مۇمكىن .

ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشىنىڭ ئالدىدا
قىلغان : «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان ، ئېلىڭلار
يا بىلەن قالقان ، تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ،
كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران . . . قۇياش تۇغ
بولسۇن ، ئاسمان قورغان» («ئوغۇزنامە» 46 ـ
بەت) دېگەن خىتابىدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاس-
مان ، قۇياش ، ئاي ئېتىقادچىلىقى مەركەزلىك
ئىپادىلەنگەن .

«ئوغۇزنامە» دە يەنە مۇنداق تەسۋىرلەر بار :
«ئوغۇزخان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ،
ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك يو-
رۇق چۈشتى . . . بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز
تەنھا ئولتۇرغان . . . ئوغۇزخان ئۇنى ئالدى . ئۇ
قىز ئىككىقات بولدى . ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى .
ئۈچ ئوغۇل تۇغدى . كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات
قويدى» («ئوغۇزنامە» 44 ـ ، 43 ـ بەتلەر) .
«ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى . بۇ يورۇق-
نىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان . ئۇ سا-
ھىبجامال بىر قىز ئىدى . ئۇنىڭ پېشانىسىدە
چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ ، خۇددى تۆمۈر
قوزۇققا ئوخشايتتى .» («ئوغۇزنامە» 43 ـ ،
44 بەتلەر) .

ئالدىنقى تەسۋىرىدە كۆك نۇردىن پەيدا بول-
غان ساھىبجامال قىزنىڭ كەنجى پەرزەنتىگە يۇل-
تۇز دەپ ئات قويغانلىقى ئەجدادلارنىڭ يۇلتۇزغى-
مۇ ئىلاھىي تۈس بېرىپ يۇلتۇزنى ئۇلۇغلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

كېيىنكى تەسۋىرىدە ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى ئا-
يالىنىڭ پېشانىسىدىكى چوغدەك پارقىراق مەڭنى
تۆمۈر قوزۇققا ئوخشاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن . بۇ
يەردە كۆرسىتىلىۋاتقان «تۆمۈر قوزۇق» يۇلتۇز-
نىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى قەدىمـ-
كى ئۇيغۇرلار شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «ئال-
تۇن قوزۇق» دەپ ئاتايتتى ھەم ئۇنى قۇت ——
سۆيۈنچىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قەدىرلەيتتى .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «ئوغۇزنامە»دە «ئۇ
يەڭگىدى ، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى . تۇنجىسىغا كۆك ،
ئوتتۇرانجىسىغا تاغ ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات
قويدى» ؛ «بىر كۈنى ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى .
ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى
كۆردى . بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا
ئولتۇراتتى» . بۇ تەسۋىرلەردىكى كۆك ، تاغ ، دې-
ڭىز قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئوغۇزخان پەرزەنتلىـ-
رىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلۇشى تاسادىپىي ئەمەس ،
بۇ ئۇيغۇرلاردا تاغ ۋە دېڭىزلارنىڭمۇ ئۇلۇغلانغان-
لىقىنى ، دەرەخ ۋە سۇ ئېتىقادىنىڭ بارلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

«ئوغۇزنامە» دىكى ئىككى ساھىبجامال قىز
كۆك نۇردىن پەيدا بولغان ، ئوغۇزخاننىڭ چوڭ
ئايالى —— كۆك سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن . شى-
مالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ سىمۋولى بولغان «تۆ-
مۈر قوزۇق» سۆزى بىلەن تەسۋىرلەنگەن .

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال كۆك نۇردىن ئاپى-
رىدە بولغان بولۇپ ، بۇنىڭغا ماس ھالدا ، ئۇنىڭ
تۇغقان پەرزەنتلىرىگىمۇ «كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز»
دەپ ئات قويغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك ئېتى-
قادچىلىقىنىڭ كونكرېت ئوبيېكتى قىلىنغان .

دەرەختىن پەيدا بولغان ئوغۇزخاننىڭ كى-
چىك ئايالى كۆك سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەندىن
باشقا دەرەخ ، سۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باغلاپ
تەسۋىرلەنگەن . شۇنداقلا ئۇنىڭغا ماس ھالدا ،
تۇغقان پەرزەنتلىرىگە كۆك ، تاغ ۋە دېڭىز دەپ
ئات قويغان . بۇ يەردىكى دەرەخ ، سۇ ، تاغ ، دې-
ڭىز قاتارلىقلار يەر ئانىغا تېۋىنىشنىڭ ئىپادى-
سىدۇر .

دېمەك ، «ئوغۇزنامە»دە قەدىمكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ كۆك بىلەن يەرگە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت تە-

www.uyghurkitap.com

بىئەت ئېتىقادچىلىقى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن . بۇ خىل ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا هازىرمۇ ساقلانماقتا .

## 2 . توتېمغا چوقۇنۇش

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ باش قىسمىدا مۇنداق تەسۋىر بار : «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى . ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى . بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كۆك ئىدى . بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى . خام گۆش ، ئاش ، مەي سورىدى . تىلى چىقىشقا باشلىدى . قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى ، ماڭدى ، ئوينىدى . ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك ، بېلى بۆرە بېلىدەك ، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك ، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى» ( «ئوغۇزنامە» 40 ـ ،41ـ بەتلەر ) .

بۇ تەسۋىر هەرگىزمۇ ئاددىيلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس . چۈنكى ، مىللەت ، هەتتا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىمۇ شەكىللەنمىگەن ، ئاشۇ تارىخىي دەۋرلەردە هەرقايسى قەبىلىلەر ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئالاهىدىلىكى سەۋەبلىك تۈرلۈك هايۋانلارغا ئېتىقاد قىلغان هەم ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەنە شۇ توتېم قىلغان هايۋانلارغا باغلاپ قارىغان . «ئوغۇزنامە» دىكى يۇقىرىقى تەسۋىر دەل مۇشۇنداق دەۋرنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسىدۇر .

ئېپوستا ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ، قورقماسلىقى ، چېۋەرلىكى ، ئەقىل ـ پاراسەتلىكى بىلەن پۈتۈن قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ . ئوغۇزخاننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ـ بۇقا ، بۆرە ، قارا بۇلغۇن ، ئېيىق قاتارلىق هايۋانلارنى ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بولسا كېرەك . ئېپوستىكى «پۇتى بۇقا پۇتىدەك ، بېلى بۆرە بېلىدەك ، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك ، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى» دېگەن تەسۋىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىگە كىرگەنلىكى ، توتېم ئاساسىدا بىر تۇغ ئاستىدىكى چوڭ قەبىلە ياكى «مىللەت» بولۇپ ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

ئېپوستا كۆك بۆرە ئالاهىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ بۆرە يۇقىرىدا كۆرسەتكەن هايۋانلارغا ئوخشاش تىلغا ئېلىنماستىن بەلكى ئىلاھ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇ خۇددى تەڭرىدەك بارلىق ئىشلارنى ئالدىن سېزەلەيدۇ . ئىنسانلارغا بەخت كەلتۈرەلەيدۇ . شۇڭا ئوغۇزخان باشلىق بارلىق قەبىلە ئەزالىرى بۆرىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ ، هەتتا ئۇ ئوغۇزخاقان بىلەن سۆزلىشىدۇ .

«ئوغۇزنامە» دە : «بۇ بۆرە ئوغۇزخانغا مۇنداق دېدى : 〈هەي ، ئوغۇز ، سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ ، مەن ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭىمەن〉 ، ئوغۇزخان قارىسا لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك ، كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان . ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۆرە يولدىن توختىدى . ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىلەن توختىدى . بۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولدى . ئوغۇزخاقان يەڭدى . نۇرغۇنلىغان جانلىق ۋە جانسىز غەنىيمەتلەر ئوغۇزخاننىڭ ئوردىسىغا كىردى» ( «ئوغۇزنامە»ـ48ـ ،49ـ ، 50 ـ بەتلەر ) . يۇقىرىقى پارچىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، بۆرە ئوغۇزخانغا باشتىن ـ ئاخىر يول باشلايدۇ . ئۇنىڭغا هەرۋاقىت ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ ، ئاخىردا ئوغۇزخاننى چەكسىز مال ـ دۇنياغا ، غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ . يەنە «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق پارچىلار بار : «ئوغۇزخان يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى . بىر كۈنى بۆرە يەنە يولدىن توختىدى . ئوغۇزخاقانمۇ يولدىن توختاپ چېدىرلىرىنى تىكتى . ئوغۇزخان بۇ يەردە ، قارشىلىق بىلدۈرگەن جورجىت خاقان بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى . ئوغۇزخاقان يەڭدى . ئوغۇزخاقاننىڭ لەشكەرلىرىگە ، نۆكەرلىرىگە ۋە خەلقىگە شۇنداق كۆپ غەنىيمەتلەر چۈشتىكى ، ئۇنى توشۇشقا شۇنچىلا ئات ، قېچىر ، كالا ئازلىق قىلدى» ( «ئوغۇزنامە» 55ـ ،56ـ بەتلەر ) . دېمەك ، ئوغۇزخاننىڭ بارلىق پېشكەلچىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشىدا ، توسالغۇلارنى بۆسۈشىدە ، ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشىدا ، بۆرە چەكسىز ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ . شۇڭا ئوغۇزخان بارلىق قەبىلە ئەزالىرىغا : «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان ، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان ، تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ، كۆك بۆرە بولسۇن هەم ئۇران» ( «ئوغۇزنامە» 46 ـ بەت ) دەپ كەسكىن خىتاب قىلىدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بو-

لىدۇكى، بۆرە ئوغۇزخان باشچىلىق قىلغان بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ توتېمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى بۆرىگە باغلاشتەك ساددا چۈشەنچىلىرىنىڭ «ئوغۇزنامە» دە ئىپادىلەنگەن يەنە بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلار ئارىسىدا دەرەخلەرنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىقىشى، تۈرلۈك شېرىن مېۋىلەرنى بېرىشى ھەم ئۇزۇن ياشىشى قاتارلىق سىرلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن، دەرەخنى ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان بىر خىل ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى تەرەققىي قىلىپ ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھەم دەرەخكە باغلاپ، دەرەخكە چوقۇنۇپ ـ دەرەخ توتېمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

دەل مۇشۇ خىل ئېتىقاد ئادىتى «ئوغۇزنامە» دە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. «بىر كۈنى ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال قىز ئىدى. ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى. ئۇ قىز ئىككىقات بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ ئۈچ ئوغۇل تۇغدى» («ئوغۇزنامە» 44 ـ، 45 ـ بەت).

ئېپوستا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم دەرەختىن پەيدا بولغان دېگەن بۇ خىل ساددا قارىشى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ، ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئېخ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن! بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز، سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن» («ئوغۇزنامە» ـ 51 ـ بەت).

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دەرەخكە باغلايدىغان بۇ خىل ئېتىقاد ئادىتى خۇددى «ئوغۇزنامە» دە ئىپادىلەنگەندەك، «بۆكۈخان رىۋايىتى» دىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ ئىدى.

## 3. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش

جاھاندىكى نۇرغۇن قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ئەكس ئەتكەن. قەھرىمانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چوقۇنۇش، ئېپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ خىل دىنىي چۈشەنچە ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن «ئالىپ ئەر تۇڭا» ئېپوسى، «بۆكۈخان رىۋايىتى» دە، بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە» دە ئەجدادلارغا ـ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇشتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بىر ئىجتىمائىي ئېتىقاد شەكلى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەجرىبىلىك ئاقساقاللارغا چوقۇنۇشقا ئالماشتى.

ئۇيغۇرلار ئاتلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلىنى ئېسىلزادە، تەڭرىگە يېقىن، ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى.

ئوغۇزخان چېچىلاڭغۇ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنى جان تىكىپ قوغدىغان.

ئوغۇزخاننىڭ قەيسەر، باتۇر خاراكتېرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى. ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. . . . بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭ كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى» («ئوغۇزنامە» 40 ـ، 41 ـ بەتلەر).

بىز بۇ تەسۋىردىن ئوغۇزخاننىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە پورترېتىنى كۆرىمىز. يەنى، ئاي تەڭرىسىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى، خام گۆش، ئاش يەيدىغانلىقىنى، ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل ھايۋانلارغا (ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى) ئوخشايدىغان، ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ھالىتىنى كۆرىمىز. ئېپوستا يەنە «ئۇ يىلقىلارغا قارايتتى. ئۇ يىگىت بولدى. . . بۇ ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىيات (بىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋان) بار ئىدى. بۇ مال ـ چارۋا ۋە خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىنتايىن ۋەھشىي بىر ھايۋان ئىدى. . . ئوغۇز نەيزىنى قىياتنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۇنى ئۆلتۈردى. . . ئۇ ئوقيا بىلەن شامالدەك تېز ئۈچىدىغان

شۇڭقارنىمۇ ئېتىپ چۈشۈردى» («ئوغۇزنامە»
41 ـ ، 42 ـ ، 43ـ بەتلەر).

ئېپوستا ئاي تەڭرىدىن تۇغۇلغان ئوغۇزخا-
قان، نۇردىن، دەرەختىن تۆرەلگەن قىزلارغا ئۆي-
لىنىدىغان، ھەتتا كۆك نۇر ئاپىرىدە قىلغان بۆرە
بىلەن ئۆزئارا تىل بىلىشىدىغان قىلىپ تەسۋىرلە-
نىپ، زور دەرىجىدە سىرلىقلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ سۈپىتىدە
گەۋدىلىنىدۇ. قەبىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا بويسۇنى-
دۇ. شۇڭا ئۇ، پۈتۈن قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ
ئالغا يېتەكلەيدۇ.

ئېپوستا ئوغۇزخانغا كۆك بۆرە يول باشلاي-
دۇ. ئۇ، باشتىن ـ ئاخىر ئوغۇز قوشۇنىنىڭ
ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاي-
دۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھام ئالغان ئوغۇزخان
تۈرلۈك جەڭلەردە پەم ـ پاراستى، باتۇرلۇقى
بىلەن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ غەلىبىگە ئېرىشى-
دۇ. ئاخىردا ھەممە خەلق ئېتىراپ قىلغان قەھ-
رىمان خاقانغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، بىز ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى، ئۆزلىرى-
نىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئوغۇزخاندىن ئىبارەت
بۇ ئىلاھىي قەھرىمانغا باغلاپ قارىغانلىقىنى كۆ-
رۈۋالايمىز. قىزىل ۋە ئاق رەڭلەر شامان دىنى
تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قىزىل
رەڭ قۇياشقا بولغان ئېتىقادتىن، ئاق رەڭ ئايغا
بولغان ئېتىقادتىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.
قۇياش ۋە ئاي ئېتىقادچىلىقى «ئوغۇزنامە» دە
گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

«ئوغۇزنامە» دە يەنە شامان دىنى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك بولغان خاسىيەتلىك سان «قىرىق»
چۈشەنچىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىر پۈ-
تۈن ئېپوستا مۇقەددەس سان قىرىق بەش جايدا
تىلغا ئېلىنىدۇ. قىرىق سانىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرى-
پىدىن خاسىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە قىلىنىشى،
شامان دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شامان دىنىدا يەنە مۇنداق ئادەتلەر بار. دۇنيا
ياخشى، يامان روھلار بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇ
روھلارنى ئادەملەرگە يەتكۈزگۈچىلەر، يەنى تەڭ-
رى بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول
ئوينىغۇچىلار ـ تەڭرىگان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار
ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرى-
دۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئىشى ـــ پال سېلىش-
تىن ئىبارەت. تەڭرىگانلار يەنە باخشى ۋە پېرى-
خونلار دەپ ئاتالغان.

«ئوغۇزنامە» دە ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق
تۈشىمەل دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ تۈركدىن ئىبارەت
بىر سېھىرگەر ـ تەڭرىگاننىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا
ئېلىنىدۇ. ئۇ ئېپوستا بىر ۋەزىر سۈپىتىدە ئە-
مەس، بەلكى چۈشىدە ئايان بولغانلىرىنى ئۆرۈش
ئارقىلىق ئوغۇزخانغا ياخشىلىقتىن ئالدىن بېشا-
رەت بەرگۈچى تەڭرىگان سۈپىتىدە رول ئويناۋات-
قانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس.

دېمەك، ئوغۇزخاقاننىڭ يېنىدىكى تۈشىمەل
دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ تۈرك دەل شامان دىنىدىكى
ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى ـ تەڭرىگاندۇر.

يۇقىرىقى مىساللار «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ
شامان دىنى ئادەتلىرىنى ئۆزىگە قويۇق سىڭدۈر-
گەن ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت مەزمۇنلار

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئەنئە-
نىسىگە ئىگە خەلق بولۇپ، بۇ خىل ئەنئەنە ئۇلار-
دىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بىر چوڭ مەزمۇنى
سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

بۇ خىل مەزمۇنلار «ئوغۇزنامە» دە ناھايىتى
روشەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئىسمى بىلەن تەبى-
ئەتتىكى جىسىملارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسىم قو-
يۇش مەدەنىيىتى ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلار ئالەمدىكى تۈرلۈك نەرسىلەرنى
سىرلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ئۆزلىرىنىڭ ھا-
مىيسى دەپ بىلىپ ئۇلارغا چوقۇنغان. ئۇلار كۈن،
ئاي، يۇلتۇز، كۆك، ئاسمان، تاغ، دۆڭ،
كۆل، دەرەخ، بۆرە قاتارلىقلارنى چوقۇنۇش ئوب-
يېكتى قىلغان.

ئېپوستا «... ئۇ ئوغۇزخاندىن ئۈچ ئوغۇل
تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي،
كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى» ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە ئوغۇزخاننىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن تۇ-
غۇلغان بالىلىرىغا كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئات
قويغان. ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق تەبىئەت جىسىم-
لىرىنىڭ نامىنى ئادەم ئىسمى قىلىپ قوللىنىش
ئادەتلىرى ھازىرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مە-
سىلەن: ئايجامال، ئاينۇر، ئايگۈل، ئايىنسا،
ئايخان، ئايتەن، ئايبىلگە، ئايبەگ، ئايقۇت، يۇل-

تۇز . . . قاتارلىقلار . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسلىدە بۆرە دېگەن مەنىنى بېرىدىغان قۇرت ـ قۇت سۆزى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم مەدەنىيەت ئادىتىگە سىڭىپ كىردى . مەسىلەن : قۇتلۇق ، قۇتيار ، قۇتبىدىن ، ئاي تەڭرىدە قۇتبولمىش ئالىپ تىگىن ، قۇتتىگىن قاتارلىقلار .

«ئوغۇزنامە» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت مەزمۇنلار ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئايال پېرسوناژلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

ئېپوستا ئوغۇزخانىنىڭ چوڭ خوتۇنىنى «پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ ، خۇدى تۆمۈر قوزۇقتا ئوخشايتتى» دەپ تەسۋىرلىگەن . بۇ تەسۋىر ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈر قوزۇق (چولپان ) يۇلتۇزىنى بەخت ـ سائادەت سۆزىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ .

«ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخانىنىڭ كىچىك خوتۇنى ھەققىدە مۇنداق تەسۋىر بار : «ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك ، چېچى سۇ ئېقىمىدەك ، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى .» بۇ پارچىدىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ، كۆزىنىڭ كۆك بولۇشى قىزلاردىكى بىر خىل گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ، سۇ ئېقىمىدەك ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ، چىشلىرىنى پاكىز تۇتۇشتەك تازىلىق ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز .

دېمەك ، «ئوغۇزنامە»دىكى ئاياللار يۇكسەك دەرىجىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان ، ئۆزگىچە گۈزەللىك ئامىللىرىنى ئۆزىگە يىغقان ، ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئوبرازلاردۇر .

شامان دىنىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان «ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە رەڭ ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن . شامان دىنىدا كۆك ، قىزىل ، ئاق ، قارا رەڭلەر ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ . بۇ رەڭلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە رەڭ —— كۆك رەڭ ھېسابلىناتتى . چۈنكى كۆك ئاسمان تەڭرىلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ . «ئوغۇزنامە» دە ئاسمان كۆك رەڭ بىلەن ، ئاسماندىن چۈشكەن نۇر كۆك رەڭ بىلەن ، نۇردىن تۆرەلگەن ساھىبجامال قىزنىڭ كۆزى كۆك بىلەن ، نۇردىن تۆرەلگەن بۆرىمۇ كۆك رەڭ بىلەن ئالاھىدە سۈپەتكە ئىگە قىلىنغان . «ئوغۇزخاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى . نۆكەرلىرىنى ، ئەل ـ جامائەتنى چاقىرتتى . ئۇلار كېلىپ ، بار مەسلىھەت ئولتۇرۇشتى . ئوغۇزخاقان چوڭ چېدىردا ئوڭ تەرەپكە 40 غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى . ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى . ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى . سول تەرەپكە 40 غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى . ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى . تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى . ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇردى . سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى . قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بولدى . . . » ( «ئوغۇزنامە» 60 ـ ، 61 ـ بەتلەر ) ئۇيغۇرلاردىكى كۆك رەڭنى ئۇلۇغلايدىغان بۇنداق ئادەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىمۇ قويۇق ساقلانماقتا . «ئوغۇزنامە» دە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىدىكى ھەرقانداق خاسىيەتلىك ، تەسىرى چوڭ ئىشلارنى قىلغاندا مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ئادىتى ئالاھىدە كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەنگەن . يەنى ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز زېمىنىنى ئىككى ئايالدىن بولغان ئالتە ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ ، ئورۇنلاشتۇرغاندا ، شەرق ۋە غەربكە 40 غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى خادا تىكلەتكۈزۈپ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ ۋە كۈمۈش توخۇلارنى ئاسقۇزىدۇ . تۈۋىگە قارا قوي ۋە ئاق قويلارنى باغلاتقۇزۇپ ، پۈتۈن ئەلنى يىغىدۇ ، شۇنداقلا كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ .

دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى بولغان «ئوغۇزنامە» نى ئوقۇغىنىمىزدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز . ئېپوستا ئىپادىلەنگەن قەدىمكى ئېتىقاد ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ساقلانماقتا .

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

① گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپ : قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى .

② «جاھاننامە» 1 ـ كىتاب A قىسمى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985ـ يىل نەشرى .

③ غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ، 1996ـ يىل .

مۇھەررىرى : يۇسۇپ ئىسھاق

# تۆت دەردمەنىنىڭ ھېكايىسى

(چۆچەك)

بەلخ شەھرىدە تولىمۇ دىيانەتلىك ، ئەل - يۇرتقا كۆيۈمچان ، بىر پادىشاھ بولۇپ ئىسمى ئادىلخان ئىكەن .

بىر كۈنى ئۇ شىكاردىن يېنىپ كېلىۋېتىپ بىر ۋەيرانلىق ئىچىدە ئۈچ قەلەندەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ . قەلەندەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پادىشاھقا سالام قىلىپتۇ - دە ، ھەربىرى بىردىن بېيىت ئوقۇپتۇ . پادىشاھ بېيىتلارنى ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىپ بىر ياساۋۇلغا ھېلىقى ئۈچ قەلەندەرنى دەرھال ئوردىغا ھازىر قىلىشقا بۇيرۇپتۇ . ياساۋۇل قەلەندەرلەرنى تېپىپ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ ئۇلارنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپتۇ . پادىشاھ قەلەندەرلەرنى ئالدىغا چاقىرىپ داستىخان سېلىپ مېھمان قىلىپتۇ . داستىخاندىن كېيىن ئۇلاردىن سوراپتۇ :

— بايا ھەربىرىڭلار بىردىن بېيىت ئوقۇدۇڭلار ، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

قەلەندەرلەر :

— بۇ بىزنىڭ سەرگۈزەشتىمىزنىڭ باياندۇر ، — دېيىشىپتۇ . پادىشاھ :

— ئۇنداق بولسا قېنى بايان قىلىپ بېقىڭلار ، — دەپتۇ . بىرىنچى قەلەندەر مۇنداق ھېكايەت قىلىپتۇ .

— تەقسىر ، مەن بۇخارا شەھرىدىن بولىمەن ، ئاتامنىڭ ئېتى خوجا خېلىل ، مېنىڭ ئېتىم ھاپىز ، ماڭا خۇدايتائالا ھۆسن - جامال بىلەن ئەقىل - پاراسەتنى ئايىماي ئاتا قىلغان بولۇپ ، تامامى ئالەم خەلقى زار - ھەيران ۋە جۇنۇن سەرگەردان ئىدى . شۇڭا ئاتام ماڭا شەھەرنىڭ تېشىدا بىر بوستانۇ گۈلىستانلىق چاھارباغ بىنا قىلىپ بەردى . بۇ بوستان ئىچىدە بىر بالىخانا بولۇپ مېنى شۇ يەردە ئولتۇرغۇزدى ، ئالدىمدا خۇش ئاۋاز ، دىلناۋازلار غەزەلخانلىق قىلاتتى . مەشرەپ ئېيتىپ ئويۇن - كۈلكە بىلەن تاماشا قىلار ئىدىم .

ئەمما كېچىنى ئۇچكە بۆلۈپ ، ئالدىدا قۇرئان ، ئاندىن ئاشىقانە غەزەللەر ، كېيىن ناماز ئوقۇيتتىم . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سەھەرلىكى بىر شەپە پەيدا بولدى ، قارىسام بىر ئۇلۇغ قۇش چاڭگىلىنى ئېچىپ كېلىۋېتىپتۇ . مەن قورققىنىمدىن كۆزۈمنى يۇمدۇم . قۇش مېنى ھاۋاغا ئېلىپ چىقتى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، قۇش بىر يەرگە قوندى . ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراپ كۆزۈمنى پىنھانغا يوشۇردۇم ، قۇش ئۇچۇپ كەتتى . مەن تۆت ئەتراپقا قارىسام چاھارباغ — گۈلزارلىق ئىكەن . مەن چاھار باغنى سەير - تاماشا قىلدىم . ھەر تۈرلۈك مېۋىلەردىن يېدىم . بۇ شۇنداق گۈزەل جاي ئىكەنكى ، ئەقلى - ھوشۇم لال بولدى . مۇشۇنداق خۇش ھاۋالىق جايدا بىرەر ئادەم بولسا - ھە ! دەپ ئويلىدىم . تاشقىرىدا بىر كۆلنى كۆردۈم . ساپلا مەرمەردىن ئىكەن . تۆت تەرىپىدە تۆت شاھ سۇپا ، بىرى لەئىلدىن ، بىرى زۇمرەت ، بىرى زەرھە ، بىرى مەرۋايىتتىن ئىكەن . ئۇنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتىم ، ناماز پېشىن ۋاقتى بولدى . تاھارەت ئېلىپ ناماز پېشىننى ئادا قىلدىم . بىر چاغدا بىرمۇنچە كەپتەرلەر پەيدا بولۇپ ، ئۆگزىگە چۈشتى . مەن بۇ ئاشۇ كەپتەرلەرنىڭ ئۈۋىسى ئوخشايدۇ ، دەپ ئولتۇراتتىم ، نەغمىنىڭ ئاۋازى كەلدى . شۇ ئەسنادا بۇ پەردىن ئىككى ماھرۇي (ئاي يۈزلۈك) قىز چىقىپ كەلدى . ئۇلارنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدۇم . ئۇلار بىلەن سورۇن تۈزەپ تاماشا قىلدىم . ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتتۈۋىدى ، بىر كۈ-

نى بىر مەلىكە :
— يارى - دىيارىڭنى سېغىنغانسەن ، بۇ قىزلاردىن قايسىسىنى خالىساڭ ، شۇنىڭ بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلغىن ، — دېدى . مەن
— ئەي مەلىكە ، ئىلتىپات قىلىشىڭىزكى ، مېنىڭ مەقسىتىم سىزدە ئىدى ، — دېدىم . مەلىكە :
— ئۇنداق بىھايا سۆزلەرنى قىلمىغىن ، ئاۋۋال ئۇلار بىلەن سۆھبەت قىل ، ماڭا ھەم نۆۋەت كېلەر ، — دېدى . ئەمما مەن سۆزۈمدىن يانماي ھەر كۈنى تەخت ئۈستىگە چىقىۋالدىم . مەلىكە بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىپ يۈرۈۋەردىم .

بىر كۈنى مەلىكىنىڭ بويىنىغا قولۇمنى سېلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىنلىشىشىمغا ئۇ «ئەي بىئەدەپ !» دەپ يۈزۈمگە بىر كاچات ئۇرغانىدى . بىھوش بولۇپ تەختتىن يىقىلىپ چۈشتۈم . ھوشۇمغا كەلسەم ، ئاتام ئەتتۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى بالىخانامدا يېتىپتىمەن ، ئۇ قىزلارمۇ غايىب بوپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن : «ئەي مەلىكە ! ساڭا ھەرگىز ئەدەپسىزلىك قىلمايمەن ، قايسى قىزىڭنى بۇيرۇساڭ شۇنىڭغا رازى بولاي» دەپ قانچە پەرياد - پىغانلارنى قىلدىم . ھېچ پايدا بەرمىدى . ئاشىقلىق غەزەللىرىنى ئوقۇدۇم . ئاتا - ئانام ، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم مېنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ ماتەمدە ئىكەن ، مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ماتەمنى تاشلىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ، ئاشۇ قىزنىڭ ئىشقىدا دۇنيانى تەرك قىلىپ ، بۇ قەلەندەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ يۈرىمەن ھەم ھەر بارە ئاشىقانە بېيىتنى ئوقۇپ يۈرىمەن ، — دەپ سەرگۈزەشتىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ بىرىنچى قەلەندەر . پادىشاھ :
— ئەجەب سەرگۈزەشتىڭىز بار ئىكەن ، — دەپ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام - ئېھسان قىلىپتۇ - دە ، ئىككىنچى قەلەندەرنى سۆزلەشكە بۇيرۇپتۇ .

— ئەي پادىشاھئالەم ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئىككىنچى قەلەندەر ، — مەن نىشاپۇر پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن ، ئىسمىم مۇھەممەد ئەپزەل . ئاتام مېنى ناھايىتى ياخشى مۇھاپىزەت قىلاتتى . تۆت يېشىمدا مەكتەپكە بەردى . يەتتە يېشىمدا ئىلمۇ ئەدەپتە بىنەزەر بولدۇم . بىر كۈنى : «ئوغلۇمنىڭ قەددى راست بولۇپتۇ . ئەگەر ئۆيلەنمەكنى ئىختىيار قىلسا ، كۆڭلىگە مۇۋاپىق قىزلاردىن تېپىپ تويىنى قىلىپ بېرەيلى» دەپ كىشى چىقارتىپتۇ . مەن «خوپ» دېدىم . ئاتام ناھايىتى خۇش بولۇپتۇ . ئاتام تولىمۇ مېھماندوست كىشى ئىدى . ھەرقانداق يەردىن غېرىب - مۇساپىر سودىگەر كەلسە مېھمانخانىسىغا چۈشۈرۈپ مېھمان قىلاتتى . بىر كۈنى ئاشۇنداق مېھمانلار توپلاشتى ۋە ھەرقايسىسى ئۆز ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ھېكايە باشلىدى . بىرى «شەھىرى قەندىھار پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن ، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ھەم ئەقىللىق ئىكەن . ھەر ئايدا بىر ياغلىق تەييارلاپ چاسۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىگىپ قويىدىكەن ، ئۆتكەن - كەچكەن دەردمەنلەر مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ ، ئۇ ياغلىقنىڭ باھاسىنى قويۇپ كېتىدىكەن ، مەنمۇ شۇ شەھەرگە بارغانىدىم . مەلىكىنىڭ غايىبانە تەرىپىنى ئاڭلاپ ، ياغلىقنى مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالدىم . بۇ ياغلىقنى نەگە بارسام كۆتۈرۈپ يۈرىمەن» دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى . مەنمۇ ئۇ قىزنىڭ غايىبانە ئىشقىغا گىرىپتار بولدۇم . ئىشقىم كۈندىن - كۈنگە ئارتىشقا باشلىدى . ئاش - سۇدىن قالدىم . كېچە - كۈندۈز يىغلاشتىن باشقا چارە تاپالمىدىم . ئاتا - ئانامۇ دەردىمگە داۋا تاپالمىدى ؛ مەن ئىنىكئانامغا :
— مەن قەندىھار پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولدۇم ، — دەپ ئېيتتىم . دادام

ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھېكايىنى ئېيتقان سودىگەردىن ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ . سودىگەر : «ئۇ قىزنىڭ بىر ئەيىبى بار ئىمىش ، كىمكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا شۇ يىگىت توي كېچىسى ئۆلۈپ قالارمىش» دەپتۇ . دادام بۇنى ئاڭلاپ مېنى نىيىتىمدىن يېنىشقا ئۈندىدى ۋە باشقا نۇرغۇن قىزلارنى ھاۋالە قىلدى . ئاخىر مەن قىزنى ئىزدەپ بېرىشنى نىيەت قىلدىم . دادام بۇنى ئاڭلاپ نائىلاج ئۈچ مىڭ چېرىك بىلەن ۋەزىرنى ماڭا قوشۇپ يولغا سالدى . بىز نەچچە مەنزىل - مىراھلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر لەڭگەرگە كېلىپ قوندۇق . شۇ كېچە قاراقچىلار بېسىپ كېلىپ ھەممە لەشكەرلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . مەن قېچىپ كەتتىم . شۇ كۈنى جاڭگالدا ئۆزۈم يالغۇز قوندۇم . كېچىسى ئېتىمنىمۇ شىر يەپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاچ - زار يولغا راۋان بولدۇم . نەچچە كۈن جاپا - مۇشەققەتلەر تارتىپ بىر توغراقلىقتىن بىر بۇلاقنى تېپىپ سۇ ئىچىپ تاھارەت ئالدىم . ئىككى رەكەت نامار ئوقۇپ بېشىمنى سەجدىگە قويۇپ مۇناجات قىلغاچ ، بۇلاقنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرسام ، بىر چوڭ بېلىق چىقىپ كەلدى . ئۇنى تۇتۇپ يەرگە تاشلىدىم . ئۇ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە رەھىم كېلىپ ، سۇغا سالدىم . بېلىق ناھايىتى خۇشال بولۇپ سۇنىڭ تېگىگە چۆكتى . شۇنداق ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . بىركىم قولنى پېشانەمگە قويدى . ئويغىنىپ قارىسام بىر يىگىت تۇرىدۇ .

— ئەي پىرى مەرد ، قايىدىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ :

— مەن مۇشۇ يەرلىك بولىمەن ، مەنزىلىم ئۇشبۇ تاغنىڭ داۋىنىدا پەرزەنتلىرىمگە يېگىلى بىرنەرسە ئىزدەپ چىققانىدىم ، — دېدى . «ئېيتىڭىز نېمە ؟» دېسەم ئۇ : «غەۋۋاسلىھايات» دەپ ئاندىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى . مەن ئەھۋالىمنى ھەم ھېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدىم . — ئەي پىرى مەرد ، بۇ باياۋاندا ھەر ئىككىمىز غېرىب - مۇساپىر ئىكەنمىز ، ئىككىمىز ھەمراھ بولۇپ ، قالغان ئۆمرىمىزنى بىللە ئۆتكۈزەيلى ، ھەر نەرسە تاپساق تەڭ ئالايلى ، — دېدىم . ئىككىمىز ماقۇل بولۇشۇپ يولغا راۋان بولدۇق . نەچچە كۈندىن كېيىن قەندىھار شەھىرىگە كەلدۇق . بىر دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئارام ئالدۇق . كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . بىر چاغدا شەمشەر ئاۋازى كەلدى . كۆزۈمنى ئاچسام ، ھەمرىيىم بىر چوڭ يىلاننى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ .

— ئەي غەۋۋاسلىھايات ، بۇ نېمە ئەھۋال ؟ — دەپ سورىدىم .

— بۇ يىلان ساڭا قەست قىلغانىدى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم ، ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىۋال ، — دېدى . مەن بىر تاسما تىلىۋالدىم . ئاندىن شەھەرگە كىرىپ كارۋان سارىيىغا چۈشتۇق . ئەتىسى ۋەزىرگە كۆرۈنۈپ ، كۈيئوغۇللۇققا كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق . پادىشاھ بەجاندىل قوبۇل قىلىپ توي تارتىپ قىزنى نىكاھ قىلىپ بەردى . بىز ھۇجرىغا كىردۇق . غەۋۋاسلىھايات ماڭا : «مەندىن رۇخسەتسىز ھېچ ئىش قىلما ، ھازىرلا ئوچاققا ئوت ياق ، يىلاننىڭ تېرىسىنى ئوتقا سېلىپ ئۇ قىزنى ئىسلاندۇرغىن» دېدى . مەن ئۇنىڭ دېگەنىدەك قىلدىم . قىز ئىسلىنىۋىدى ، ئۇنىڭ بېلىدىن بىر يىلان چىقىپ ئوتقا چۈشۈپ ھالاك بولدى . ئاندىن كېيىن مەلىكە بىلەن تەختتە ئولتۇردۇم . بىر چاغدا يەنە شەمشەر ئاۋازى كەلدى . قارىسام غەۋۋاسلىھايات قولىدا شەمشەر ، ساراي ئىچىدە بىر ئەجدىھانىڭ بېشى قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ .

— ئەي غەۋۋاسلىھايات ، بۇ نېمە ئىش ؟ — دېدىم مەن .

— بۇ ئەجدىھا سىزگە قەست قىلىپ كېلىۋىدى . ئۆلتۈردۈم ، — دېدى ئۇ . ئاندىن تاڭ ئاتتى . ۋەزىر بىلەن شەھەرنىڭ

ئۆلۈغلىرى بىر جىنازىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە قويدى. ۋەزىر ئىچكىرى كىرىپ، مېنى سالامەت كۆرۈپ ھەيران بولدى. ۋەزىر:

— ئەي شاھزادە، مەلىكە ھەرقانداق كىشى بىلەن توي قىلسا، شۇ كېچىسى ئۆلەتتى. سىز قانداق بولۇپ سالامەت قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— غەۋۋاسلىھاياتتىن سوراڭ، — دېدىم مەن.

ۋەزىر چىقىپ پادىشاھقا بايان قىلىپتۇ.. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، بىزنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ:

—ئەي قىزىم، بۇ نېمە ۋەقەدۇر، — دەپ سورىدى.

— كىمدەكىم مېنى ئالسا، — دېدى قىز، — ماڭا يېقىن كەلگەن ھامان بېلىمدىكى يىلان چىقىپ ئۆلتۈرەتتى.

— ئۇ قاچاندىن بېرى سېنىڭ بېلىڭدە ئىدى؟ — دەپ سورىدى شاھ ھەيران بولۇپ.

— مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا باغدا گۈللەر ئارىسىدا تۇراتتىم، بىر كىچىك يىلان كېلىپ بېلىمگە يۆگەشتى. ئاجرىتاي دەپ ھەرقانچە قىلساممۇ، ئاجرىتالمىدىم، كېيىن بۇنى ھېچكىمگە دېيەلمىدىم. ھالا بۈگۈن بۇ يىگىت مېنى ئوتتا دۇتلاندۇردى. ئۇ يىلان بېلىمدىن ئاجراپ، ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت سالامەت قالدى، — دېدى مەلىكە.

پادىشاھ:

— ئەي شاھزادە، بۇ سىرنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— بۇنى غەۋۋاسلىھاياتتىن سورىسىلا، دېدىم. ئۇ ئېيتتىكى:

— ئەي پادىشاھىم، بىز شەھەرگە كىرگەن تۈنجى كۈنى شاھزادە بىر دەرەخ تۈۋىدە ئۇيقۇغا كەتتى. دەل شۇ چاغدا بىر يىلان شاھزادىگە قەست قىلدى. ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردۈم. ئۇ يىلان مەلىكىنىڭ بېلىدىكى يىلاننىڭ چىشىسى ئىدى. بىز يىلاننىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالغاندۇق. ئوتقا سېلىپ مەلىكىنى ئىسلاندۇرساق ئەركەك يىلانمۇ ھالاك بولدى. ئۇ يىلانلارنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋەرلىنىپ شاھزادىنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەنىكەن، ئۇنىمۇ چېپىپ ئۆلتۈردۈم. بېشى ھازىر قازناقتا، — دەپ ئۇنىمۇ ئېلىپ چىقتى.

— ئۇنىڭ تېنى قېنى؟

غەۋۋاسلىھايات «ئۆگزىندە» دېگەندى، پادىشاھ ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ باشقا توي قىلىپ قىزىنى ماڭا قوشۇپ قويدى. ئاندىن سەلتەنەتلىك تەخت- بارگاھلىرى بىلەن ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى قوشۇپ ئۆز شەھىرىمگە يولغا سېلىپ قويدى. بىز نۇرغۇن يول يۈرۈپ غەۋۋاسلىھايات بىلەن ئۇچراشقان بۇلاق بېشىغا كەلدۇق. بارگاھنى تىكىپ تەختكە چىقتىم. شۇ چاغدا غەۋۋاسلىھايات ئەينى چاغدا ئىككىمىز پۈتۈشكەن خەتنى ئالدىمغا قويدى ۋە ئېيتتى:

— بىز ئۆز ۋاقتىدا نېمە تاپساق تەڭ بۆلۈشىمىز، — دەپ ۋەدىلەشكەن، — ئەمىسە خوتۇنۇڭنىمۇ ئوتتۇرىدىن تەڭ ئالىمەن.

— خوتۇنۇم ماڭا قالسۇن، لەشكەر، پۇل - مالنىڭ كۆپىنى سىز ئېلىڭ، — دېدىم مەن. لېكىن ئۇ پەقەت ئۇنىمىدى. ئاخىر: «مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى سەن ئالغىن، خوتۇنۇم ماڭا قالسۇن» دېسەممۇ ئۇنىمىدى. بىز لەشكەرلەر بىلەن جەڭگە چۈشتۇق. ئۇ بىر سائەت ئىچىدە ئالتە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى. بىز ئاجىز كەلدۇق. ئاندىن سۈلھى قىلىپ «قانداق قىلساڭ ئىختىيارىڭ» دېدىم. ئۇ تۆت يەرگە قوزۇق قېقىپ خوتۇنۇمنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى قوزۇققا، ئىككى پۇتىنى ئىككى قوزۇققا باغلاپ، شەمشەر چىقاردى. مەن قورقۇپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. شەمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەردىن «قارس» قىلغان ئاۋاز كەلدى. مەلىكە «ئاھ!» دەپ پەرياد قىلدى. قارىسام مەلىكىنىڭ بېشىغا قىلىچنىڭ ئارقىسى بىلەن چاپقانىكەن، مەلىكە قورقۇپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلدى. ئۇنى بەندىتىن خالاس قىلدۇق.

— ئەي شاھزادە، بۇ ئىشىمنىڭ غەربىزى شۇكى، مەلىكىنىڭ بېشىدا تىخى يىلاننىڭ زەھىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان بولساڭ، يىلاننىڭ زەھىرى ساڭا تەسىر قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن خالاس قىلدىم، ماڭا مال ــ دۇنيامۇ لازىم ئەمەس، خوتۇنۇڭنىمۇ ئۆزۈڭ ئالغىن، ــ دېدى. مەن سەۋەبىنى سورىدىم:

— سەن بۇلاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا مەن بىر بېلىق ئىدىم. سەن مېنى تۇتۇپ قۇرۇق يەرگە تاشلىدىڭ، ئۆلەر ۋاقتىمدا ماڭا رەھىم قىلىپ، يەنە سۇغا تاشلىدىڭ، مەن ناھايىتى خۇش بولۇپ جۈپتۈم قېشىغا باردىم. جۈپتۈم:

«ئادىمى ئابىغا ئادىمى خاكتىن ۋاپا كەلگەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىزمەت قىلغىن، ئىنسان بىھاجەت ئەمەس، ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھاجىتى بولىدۇ» دېدى. بىز مۇناجات قىلدۇق. خۇدايىتائالا سۈرىتىمنى ئادەمگە مۇبەددەل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈردۈم، دەپ، ئەسلى سۈرىتىگە كىلىپ، بۇلاققا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىمەن دەپ ناھايىتى كۆپ پۇشايمان يېدىم. ئاندىن يولغا چىقىپ نەچچە كۈن دېگەندە ئۆز شەھىرىمىزگە كەلدۇق. ئاتا ــ ئانام مېنىڭ غېمىمدە ماتەمدار ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ يېڭىۋاشتىن شادىمان بولدى. شۇنداق قىلىپ نەچچە زامانلاردىن كېيىن ئاتام ئالەمدىن ئۆتتى. مەن پادىشاھ بولۇپ تەختكە چىقتىم. ئىككى پەرزەنتلىك بولغاندا ئايالىم ئالەمدىن كەتتى. شۇنىڭ ئاتەش پىراقىدا، تەختۇ سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىقنى بەربات قىلىپ، تەركىدۇنيا بولدۇم. جەندە ــ كۇلاھ كىيىپ قەلەندەر بولۇپ، بۇ ئىككى قەلەندەرنى ئۆزۈمگە ھەمدەرد تاپتىم. شۇنىڭدىن بېرى ھېلىقى بېيىتنى ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن، ــ دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە تەھسىن ــ ئاپىرىنلار ئوقۇپ، ئىنئام ــ ئېھسان ئەيلەپ، مال ــ مۈلۈك، ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى تۆكۈپتۇ ۋە ئۈچىنچى قەلەندەر ئوقۇغان بېيىتنىڭ مەزمۇنىنى سوراپتۇ.

— مەن ھىندىستاندىن بولۇمەن، ئېتىم مۇفلىس، ئاتام سودىگەر ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن چىنماچىن شەھىرىگە سەپەر قىلدۇق. بۇ شەھەرگە كېلىپ ئېلىم ــ سېتىم قىلىپ يۈرەتتۇق. تۇيۇقسىز ئاتام ئاغرىپ قالدى. تېۋىپلار ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدى. بىر كۈنى ئۇ:

«ئوغلۇم، مەن ساقىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن، شۇڭا ساڭا مۇنداق ۋەسىيىتىم بار. چوقۇم بەجا كەلتۈرگىن. ئۇنىڭ بىرى، خۇدايىتائالانىڭ ھەمدۇ ــ ساناسىدىن كېچە ــ كۈندۈز غاپىل بولمىغىن. يەنە بىرى تۇز ھەققىنى ياخشى ساقلىغىن. تۇز يېگەن ئۆيدە خىيانەتلىك يامان ئىش قىلمىغىن» دەپ باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلدى. نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلدىم. ھەمراھلىرىم ئۆز ۋىلايىتىگە ياناقچى بولۇشتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن راۋان بولدۇم. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە كېلىپ قوندۇق. كېچىسى قاراقچىلار ھەمراھلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، مېنىڭ نەچچە يېرىمنى زەخىم قىلدى. ئاخىر ئۆز ۋىلايىتىمگە قايتالماي شەھىرى چىن ماچىنگە يېتىپ كەلدىم. ئاتامنىڭ قەبرىسىگە باش قويۇپ، دۇئا قىلىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا بىركىم پېشانەمگە قولىنى قويغاندەك بولدى. قارىسام، بىر نۇرانە مەرد تۇرىدۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالام قىلدىم.

ئۇ : «بۇ قەبرىدە كىم بار ؟» دەپ سورى-
دى . مەن : «ئاتام بار ، بىز ھىندىستاندىن
سودا ئۇچۇن كېلىۋىدۇق . ئاتام ئۆلۈپ
كەتتى . مەن ئۆز ۋىلايىتىمگە يانغانىدىم ،
يولدا ماللىرىمنى قاراقچىلار بۇلىۋالدى .
مەن زەخىمناك بولۇپ يېنىپ كەلدىم» دې-
دىم . «ئۇنداق بولسا ، ئىككىمىز ئاتا ـ بالا
بولايلى» دېدى ئۇ ، مەن قوبۇل قىلدىم .
ئۇ مېنى ئۆز مەنزىلىگە ئېلىپ بېرىپ تون
ـ سەرپاي كىيدۈردى . بىر ھۇجرا بېرىۋە-
دى ، ئەتە ـ ئاخشىمى خۇدايىتائالانىڭ
ھەمدۇساناسىغا مەشغۇل بولۇپ كەتتىم .
ئۇ پىرىمنىڭ ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە مېھىر
ـ مۇھەببىتى زىيادە بولدى . شەھەر ئىچىدە
بىر ساراي بار ئىكەن ، ئۇنى ماڭا بەردى .
بىر كۈنى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم . بى-
رى كېلىپ كۆزۈمنى تۇتتى ، قارىسام باي-
نىڭ خوتۇنى ئىكەن ، ئۇ «ساڭا ئاشىقمەن
ھاجىتىمنى راۋا قىلغىن» دەپ تۇرۇۋال-
دى . ئاچچىقىم كېلىپ ، بىر مۇشت ئۇر-
دۇم ، ئاغزى قانىدى . پەرياد قىلىپ يىغلى-
غان پېتى چىقىپ كەتتى . باينىڭ بىر قى-
زى بار ئىكەن . بۇ خوتۇن شۇ قىزنىڭ
ئىتەكلىرىنى يىرتىپ ، ئاغزىدىن چىققان
قانلارنى قىزىغا سۈركەپ قويۇپتۇ . باي ئۆ-
يىگە كەلگەندە خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ :

— نەدىكى بىر هارامزادىنى پەيدا
قىلىپ ، قىزىڭغا بىئەدەپلىك قىلىپتۇ . ني-
مىشقا بۇنداق قىلىسەن دېسەم ، مېنى بىر
مۇشت ئۇرۇپ ئىككى چىشىمنى چۇشۇرۇ-
ۋەتتى . يا سۆزۈمني بەر ، يا ئۇنى كۆزدىن
يوقات ، — دەپ باينى بىئىلاج قىلىپتۇ .
باي مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ :

— ئوغلۇم ، چاهارباغدا قۇللار
خىش پىشۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇلارغا قاراپ تۇر -
غىن ، — دەپ قۇللارنىڭ يېنىغا بۇيرۇ-
دى . ئەسلىدە ئۇ قۇللارغا «ئەتە ئەتىگەن
باغقا كىرگەن كىشىنى خۇمدانغا سېلىڭ-
لار» دەپ بۇيرۇغانىكەن . ئەتىسى مەن سە-
ھەر تۇرۇپ چاهار باغقا كېتىپ باراتتىم .

يولدىن بىر نەغمە ئاۋازى كەلدى . بىرمۇن-
چە يىگىتلەر چىقىپ : «ھەي يىگىت ، بۇ-
ياققا كەل ، ھەمسۆھبەت بولايلى» دەپ مې-
نى چاقىردى . مەجلىس قىزىپ كەتتى .
ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قاپتىمەن . شۇ چاغدا
باينىڭ خوتۇنى مېنى ئىزدەپ خۇمدانغا بې-
رىپتۇ . قۇللار ئۇنى تۇتۇپ خۇمدانغا تاش-
لاپتۇ . باي خۇمدان بېشىغا كەلسە خوتۇنى
ئاللىبۇرۇن كاۋاپ بولۇپ بوپتۇ . باي بې-
شىغا توپا چېچىپ نائىلاج نامىزىنى چۈشۈ-
رۈپ دەپنە قىلىپتۇ . باي مېنى كۆرۈپ
ئاچچىقلاپ كەتتى . مەن :

— ئەي ئاتا ، مەندە گۇناھ يوق ، —
دەپ بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەر-
دىم . باي قىزىنى چاقىرىپ سورىغانىدى .
قىزمۇ ئانىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئېيتىپ بەر-
دى . شۇنىڭدىن كېيىن باي بىر موللىنى
چاقىرىپ قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ بەر-
دى . ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ ، ئۈچ پەر-
زەنتلىك بولدۇم . باي ئۆلۈپ كېتىپ ھەم-
مە مال ـ دۇنياسى بىزگە قالدى . شۇ
كۈنلەردە ئايالىم تۈگەپ كەتتى . مەن ئۇ-
نىڭ ئوت پىراقىغا چىدىماي ، دۇنيانى تەرك
قىلىپ ، قەلەندەر بولۇپ ، بۇ ئىككىيلەن
بىلەن ئۆتۈۋاتىمەن ، — دەپ سۆزىنى ئا-
خىرلاشتۇرۇپتۇ ئۈچىنچى قەلەندەر . پادى-
شاھ ئادىلخان قەلەندەرلەرگە :

—مېنىڭمۇ ھەم سەرگۈزەشتەم بار ، —
دەپ بۇ ھېكايىنى باشلاپتۇ .

— بۇ شەھەرگە ئەسلى ئاتام پادىشاھ
ئىدى . بىر كېچىسى بىر چۈش كۆردۈم .
چۈشۈمدە بىر ساھىبجامال قىز كېلىپ سا-
لام قىلدى . ئاندىن بىر دەستە گۈل تۇتتى
ۋە «ئەي شاھزادە ، مەن سېنىڭ ئاشىقىڭدۇر-
مەن . مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەردار بولغىن» دەپ-
لا غايىب بولدى . ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار
بولغىنىمدىن ھەممە ئەزايىمغا ئوت تۇتى-
شىپتۇ . دەرد ـ رەنجىم كۈندىن ـ كۈنگە
زىيادە بولدى . قىرىق كۈنگىچە ئۆيدىن تالا-
غا چىقمىدىم . تېۋىپلار پايىپېتەك بولۇش-

تى . شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئۇ نازد-
نىننى يەنە چۈشۈمدە كۆرۈپ قالدىم ۋە
ئورنۇمدىن تۇرۇپ باياۋانغا چىقىپ كەت-
تىم . شۇ ماڭغانچە ھېچ ئارام ئالماي نەچچە
كۈنلەر يول يۈرۈپ ، بىر جەزىرىدە قونۇپ
قالدىم . كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىلۇدى ئۇ يەنە
پەيدا بولدى ۋە : «ئەي شاھزادە ، مېنى
ئىزدەپ كېلەر دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم . مەر-
دانە بول ، مۇرادىڭغا چوقۇم يېتىسەن .
ئەمدى ، مەغرىب تەرەپكە ماڭ ، يەتتە كۈندە
سەگسارىلار شەھىرىگە يېتىسەن» دەپ غا-
يىب بولدى . ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ يولغا را-
ۋان بولدۇم . يەتتە كۈندىن كېيىن بىر
شەھىرى ئەزىمگە يەتتىم ، بۇ شەھەردە
ھەممىسى ئايال كىشى بولۇپ ، بىرمۇ ئەر
كۆرمىدىم . بىر ئايال مېنى ئۆيىگە ئېلىپ
كىردى .

— بۇ شەھەردە ئەرلەر كۆرۈنمەيدى-
غۇ ؟ سورىدىم مەن .

— بۇ بىر سەگسارىلارنىڭ شەھە-
رى ، بىزنىڭ ئەرلىرىمىزمۇ ئىت . ئۇلار
ھەر كۈنى جاڭگالۇ ـ سەھرالارغا چىقىپ
كېتىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە ماڭا
ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ، —
ئەي يىگىت ، ئۆزۈڭنى ياقىغا ئالغىن ، ئە-
گەر ئۇ سەگسارىلارغا يولۇقۇپ قالساڭ سې-
نى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ ، — دېدى .
شۇ ئەسنادا سەگسارىلارنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى . ئايال مېنى يوشۇرۇپ قويدى .
ئۇلار كېلىپ : «بۇ يەردىن ئادەمزاتنىڭ
پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ» دېگەنىدى . ئايال :
«ئۆزۈڭ ئادەمزاتنىڭ گۆشىنى يېگەنسەن ،
بۇ يەردە ئادەمزات يوق» دېدى . بۇ يەردە
ئۈچ كۈن تۇردۇم . سەگسارىلار كۈندۈزى
چىقىپ كېتىپ كېچىسى كېلىدىكەن . تۆ-
تىنچى كۈنى مەلىكە يەنە بېشارەت بەردى
ئۇ :

— ئەي شاھزادە ، ھىممەتلىكرەك
بول ، يەنە ئون كۈندە ئىران شەھىرىگە
يېتىسەن ، — دېدى ئۇ قولۇمغا يەتتە تۇر-
لۇك ئەسۋابنى تۇتقۇزۇپ ، — بۇنى ئېلىپ
يولغا كىر ، سەگسارىلار قوغلاپ يەتسە ئەس-
ۋابتىن بىرنى تاشلىغىن ، ئىتلار ئۇنى ئې-
لىپ ئارقىسىغا يانىدۇ . ھەر قېتىمدا بىر-
نى تاشلا ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىتلاردىن قۇ-
تۇلىسەن .

مەن يولغا چىقىپ بىر پەرسەڭ يول
مېڭىۋىدىم ، ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئىت يې-
تىپ كەلدى . ئۇنداق ھەيۋەتلىك ئىتلارنى
ھېچ يەردە كۆرمىگەنىدىم . ھەر قېتىم كەل-
سە ئەسۋابتىن بىرنى تاشلىدىم . ئۇلار ئار-
قىسىغا ياندى . ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئون
كۈندە ئىران شەھىرىگە چىقتىم . شەھەرنى
تاماشا قىلىپ بىر پەرى مەردكە ئاشنا بول-
دۇم . ئۇ :

— بۇ شەھەردە ئىككىلا سەرراپ
بار ، بىرىگە ئەرلەر ، بىرىگە ئاياللار كىرى-
دۇ . سەن ئاياللار كىرىدىغان سەرراپقا بې-
رىپ ئۆزۈڭ خالىغان مەزلۇمنى تۇت ، —
دېدى . سەرراپقا بېرىپ ئولتۇردۇم . بىر
چاغدا بىرنەچچە جۇۋانلار كىردى . بىرىنى
كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ ، جېنىمنى ئۇنىڭ
پىداسى قىلدىم . ئۇنىڭ ئېتىكىنى تۇتتۇم ،
ئۇ : «بىر پەسىل سەۋرى قىلىڭ ، مۇرادى-
ڭىز ھاسىل بولىدۇ» دەپ ، سەرراپتىن
چىقىپ كەتتى . كېيىن ئۇ بىرىدىن ئاجا-
يىپ چىرايلىق بىر قۇر تون ـ سەرپاي
ئەۋەتىپتۇ . ئۇنى كىيىپ ، ئاتقا مىنىپ ئۇ-
نىڭ بارگاھىغا ئاپارغانىدى . ئۆزىنى ماڭا
نىكاھ قىلدۇردى . نەچچە كۈن ئۇنىڭ بى-
لەن تۇرمۇش ئۆتكۈزدۇم . بىر كۈنى بىرى
بىر پارچە خەتنى بەردى . بۇ خەتنى پادىشاھ
مېنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ يازغانىكەن .
بۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ ،
مەن : «بۈگۈن ھاۋا ئىسسىپ كېتىدىغان
بولدى» دېسەم ، ئۇ جۇۋان «خۇدايىتائالا-
نىڭ قۇدرىتىگە تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەد-
دىڭ ، ئاللاھنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق بولۇ-
شى ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن بولىدۇ» دەپ پادى-
شاھقا ئەرز قىلدى . پادىشاھ مېنى شەھەر-



www.uyghurkitap.com

دىن چىقىرىپ بىر پەرسەڭ يەرگە ئاپىردۋەتتى . بۇ كېچىسى مەلىكە يەنە چۈشۈمگە كىردى . ئۇ : «ئەي شاھزادە ، ھىممەتلىك بول ، مەغرىپ تەرەپنى نىشانلاپ يەنە يىگىرمە كۈن ماڭساڭ بىر تاغ كۆرۈنىدۇ . تاغدىن ئۆتۈپ يەنە ئون كۈندە ماڭا ۋىسال تاپىسەن» دەپ بېشارەت بەرگۈدەك .

مەن يەنە باياۋانغا قاراپ ماڭدىم . يىگىرمە كۈندە بىر تاغقا يەتتىم . تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم ، ئۆلەر ھالدا ئولتۇراتتىم ، بىر شىر نەرە تارتىپ كەلدى . قورققىنىمدىن خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن . بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام چۈشۈمدىكى مەلىكە ھېلىقى شىرنى ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك . مەلىكىنى كۆرۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم .

ئاھ نىتەي غېرىبىڭىز قالدى بۇ چۆلدە تەلمۈرۈپ ،
بولدى يۈرەك باغرى كاۋاپ ، ئاتەش ئىچرە جۇش ئۇرۇپ .

مەلىكە : ـــ ئەي يىگىت بۇ شىرنىڭ ئىزى بىلەن يۈرۈڭ ، ـــ دېدى . مەن شىرنىڭ ئىزى بىلەن ئۈچ كۈن يۈرۈپ بىر شەھەرگە يەتتىم . نۇرغۇن دىۋىلەرگە يولۇقۇپ ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە شەھەرگە كىردىم . سەيلى قىلىۋېتىپ بىر چاھارباغنى كۆرۈپ قالدىم . باغقا كىرسەم چىنارنىڭ شېخىدا بىر قەپەس ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . قەپەستىكى بىر شاتۇت : «بۇ كەمگۈچە بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ ئايىغى يەتكەن ئەمەس ، بۇ قانداق جاندۇر» دېدى . يەنە بىر شاتۇتى : «بۇ مەلىكە گۈل قەيرۇزەنىڭ ئاشىقى شاھزادە ئادىل بولىدۇ» دېدى . يەنە بىرى ماڭا : «سەن مېنى قەپەس بىلەن شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقساڭ چاھارباغ سەمەنگە يېتىپ بارىمىز ، مەلىكىنى شۇ يەردىن تاپىسەن» دېدى . ئەندىشە ئىچىدە چىناردىن قەپەسنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدۇم . بىر كەمدە ئالدىمغا قىرىق قىز ئۇچرىدى .

ھەممىسى سېرىق كىيىم كىيگەن ، ئالدىدا بىر دەستە گۈل تۇتقان بىرى ماڭا سالام قىلدى . مەنمۇ سالامنى ئىلىك ئالدىم . قىزلار ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مېنى بىر ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى . بۇ سارايلارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ، ساراي ئىچىدە مىڭدەك قىز ئولتۇرۇپتۇ . تەختتە ئولتۇرغان مەلىكىگە سالام بەردىم . تەختتىن جاۋاب سالام كەلدى . قارىسام چۈشۈمدە كۆرگەن مەشۇقۇم شۇ ، ئۇنى كۆرۈپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدىم . ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام مەلىكە بېشىمنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردۈم . ئۇمۇ ئەھۋال سوراپ ، چاي ـ شاراب تۇتتى . كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ بەردى . مولللارنى چاقىرىپ قىرىق كېچەكۈندۈز توي قىلىپ نىكاھ قىلدۇردۇق . ئۇ يەردە بىر يىلدەك تۇردۇم .

بىر كۈنى ئاتا ـ ئانامنى ئەسلەپ پەرىشان ئولتۇراتتىم . مەلىكە :

ـــ نېمە بولدىڭىز ؟ ـــ دەپ سورىدى . مەن يۇرت ـ ماكانىمنى ، ئاتا ـ ئانامنى سېغىنغانلىقىمنى ئېيتتىم . شۇنىڭ بىلەن بىز سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ يولغا چىقتۇق . بۇ شەھەرگە كەلسەك ، ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كېتىپتۇ . شەھەر خەلقى بىزنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە مېنى ئاتامنىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتۇرغۇزدى . شۇنىڭدىن بېرى شاھ ئادىلخان ئاتىلىپ يۇرتنى سوراۋاتىمەن . ئۈچ پەرزەنتىم بار ، ـــ دەپ ھېكايىسىنى تامام قىلدى . قەلەندەرلەر پادىشاھ ئادىلجاننىڭ سەرگۈزەشتىسىگە تەھسىن ـ ئاپىرىنلار قىلىشتى .

«جامئۇل ھېكايەت» ناملىق قول يازمىدىن تەييارلىغۇچى :
**ئابدۇقادىر سادىر** (گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن )
مۇھەررىرى : **نۇرنىسا باقى**

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

**قاھار ئابدۇرېشىت**

## بۇلاڭچىمىكىن دەپتىمەن

ئەپەندىم ئالما سېتىپ يۈرسە، بازار باشقۇرغۇچى كېلىپ، ئىككى كىلودەك ئالمىنى سورىمايلا سومكىسىغا سېپتۇ - دە، گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قاپتۇ.

ئەپەندىم بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ يۈرسە، ھېلىقى بازار باشقۇرغۇچى تۇيۇقسىز ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم دەرھال سودىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ھارۋىسىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ. بازار باشقۇرغۇچى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئەپەندىم، نېمە بولدىڭىز؟ مېنى كۆرۈپلا مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك قاچىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— ۋوي، سىزمىدىڭىز؟ مەن تېخى سىزنى بۇلاڭچىمىكىن دەپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كېچىنىڭ يارىلىشىنىڭ سەۋەبى

ئەپەندىم زالىم ۋە ئاچ كۆز باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، باي ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، «ياراتقۇچى ئىگەم» مۆمىن بەندىلىرىگە كۈندۈزنىلا ئاتا قىلماي، نېمە ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى تەڭلا ئاتا قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— شۇنىمۇ بىلمىدىلىمۇ بېگىم، زالىم بايلار ئىشلىتىلىۋاتقان چاكارلارنى كالىدەك ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن، دەپچۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كارىزدا تۇغىمەيدۇ

مەسچىتنىڭ ئىمامى «ھەرەم» گە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەپەندىم جامائەتنى باشلاپ ئىمامدىن ھاردۇق سوراپ كىرىپتۇ. ئىمام خۇشال بولۇپ جامائەتنى ئۆيگە باشلاپتۇ ۋە:

— ھوي ئاپىسى، جامائەتكە «زەمزەم» سۈيىنى ئەكىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئەپەندىم قوشنىسىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، قوشنىسى كىچىككىنە «زەمزەم» سۈيى قاچىلانغان باكقا ھەدەپ سۇ قاچىلاۋاتقۇدەك، ئەمما ئەپەندىم كۆرمەسكە سېلىپ، قاچىلارغا ئاز - ئازدىن قۇيۇلغان «زەمزەم» سۈيىنى جامائەتكە ئاچىقىپتۇ. جامائەت ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ئەپەندىمنىڭ ئۆزىگە يەتمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمام خىجىل بولغان ھالدا:

— ئەپەندىم، سىزگە يەتمىدىمۇ، نېمە؟ «زەمزەم» سۈيىنى خېلى جىق ئەكەلگەن، ئەمما - زە، نەچچە كۈندىن بېرى جامائەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقا، ئاران شۇنچىلىكلا قاپتۇ. ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. ئەپەندىم:

— تۇزۇت قىلمىسىلا ھاجىكا، — ئۆيدە تۇغىگەن بىلەن كارىزدا تۇغىمەيدۇ ئەمەسمۇ.

## بايلار دەسسىگەن يەرنى دەسسىمەيمەن

قورۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان باي ئەپەندىم مىنگەن ئېشەكنىڭ يولدا ئۇچرىغانلا تېزەك ۋە سۈيدۈكلەرنى پۇراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەپەندىمنى بىر مازاق قىلماقچى بوپتۇ ۋە:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزگە نېمە بولدى؟ يەرنى پۇراپ ماڭالمايدىغۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— نېمە بولاتتى بېگىم، زالىم بەگلەرنىڭ دەس-

سگەن يېرىگە دەسسەپ سالماي، دەپ بولمامدۇ.

## ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋەتتىمكىن دەپتىمەن

ئەپەندىم كاتىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، باشلىقنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئېرىگە:

— پالانچىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلدىڭىز؟ پوكۇنچىنىڭ ئىشىنى ئەتىدىن قالدۇرماي بېجىرىۋېتىڭ، — دەپتۇ. ئېرى بولسا، «بولىدۇ، بولىدۇ» دەپ باش لىڭشىتىۋاتقۇدەك. بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئەپەندىم، بىر كۈنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— باشلىق، خانىم ئۆيدە بارمۇ؟ — دە، سوراپتۇ.

باشلىق:

— ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ھەئە.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— بىرنەچچە كىشى ھال ئېيتىپ كەپتۇ، ئۇنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىمىزنى سورىماقچىدىم.

— ئەپەندىم، كاللىڭىز بارمۇ؟ يولىيورۇق سورايدىغان ئادىمىڭىز ئالدىڭىزدا تۇرسا، سىزنىڭ خوتۇنۇمدىن يولىيورۇق سورايمەن دېگىنىڭىز نېمىسى، — دەپتۇ باشلىق.

— ئاچچىقلانمىسىلا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — خانىملىرى ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە بىرمۇنچە ئىشلارنى بېجىرىۋېتىشنى تاپشۇرسا، باش لىڭشىتىپ «ماقۇل» دېگەنلىرىگە قاراپ، ھوقۇقنى خانىمغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، — دەپتۇ.

## نادان يۈرت سورىسا، ئاقىللار داغدا قالار

ئەپەندىم مەدرىسنى ناھايىتى ئەلا پۈتتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، چوڭ - چوڭ مەسچىتلەرگە ئىمامەتچىلىك ياكى مەزىنلىك قىلىش تۈگۈل، ھەتتا ئۇن — يىگىرمە جامائىتى بار كىچىك مەسچىتلەرگىمۇ ئۆلىشالماپتۇ. ئەپسۇسكى، ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇيالماي، ئويۇن - تاماشا بىلەن مەدرىسنى پۈتتۈرگەن بەگ، خوجاملارنىڭ بالىلىرى بولسا، چوڭ - چوڭ مەسچىتلەردە ئىمام، ياكى مەزىن بولۇپ ناھايىتى ئىناۋەتلىك ئۆتۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىنىڭ ئامباللىرىدىن بىرى ئەپەندىمنىڭ كوچا - كويلاردا قېقىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، بىر ئوبدان مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ، قېقىلىپ، سوقۇلۇپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ئەپەندىم:

— نادان يۈرت سورىسا، ئاقىللار داغدا قاپتۇ دېگەن شۇ ئىكەن، — دەپتۇ.

## يۈرەك ئىشتىن چىقىپتۇ

ئەپەندىمنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن خۇشامەتنى ئۆزىگە مىزان قىلىۋالغان بىر ئاغىنىسى بولۇپ، باشلىقلارنى كۆرسە سالام بېرىپ ئېگىلىپ كۆرۈشىدىكەن، ئۆزىدىن تۆۋەن ياكى ئادەتتىكى ئەل - ئاغىنىلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم بازاردا كېتىۋاتسا، ھېلىقى ئاغىنىسى ئەپەندىمنى كۆرۈپمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ مېڭىپتۇ. ئەپەندىم دەرھاللا:

— ئاداش، قانداقراق ئەھۋالىڭلار، بەك ئالدىراش ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپتۇ.

— ۋوي، سىلەرمىدىڭلار ئاداش، — دەپتۇ ئاغىنىسى خىجىل بولغاندەك بولۇپ، — مېنىڭ مۇشۇ كۆزۈمنىزە، راستىنى ئېيتسام، كۆزۈم ئىشتىن چىققان ئوخشايدۇ.

— ئاداش، — دەپتۇ ئەپەندىم، ئاغىنىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن، — سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار ئىشتىن چىققان ئەمەس، بەلكى يۈرىكىڭلار ئىشتىن چىققان.

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

www.uyghurkitap.com

# ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىكى ئادەتلەر

گۈلبەھرەم غېنى

ئۇيغۇرلاردا ھامىلدار بولۇش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ناھايىتى چوڭ ئىش، ئايال كىشى يەڭگىپ قوپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئاللا تەرىپىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئىلى رايونىدا تۇغماس ئاياللارغا خىلمۇخىل ئۇسۇلدا ھامىلە تەلەپ قىلىش ئادەتلىرى ساقلانغان. ھامىلە تەلەپ قىلغۇچى ئايال شۇ جايدىكى داڭلىق مازارلارغا بېرىپ، روھلارغا ئاتاپ دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ. شۇ مازارنىڭ توپىسىدىن ئېلىپ قورسىقىغا سۈرىدۇ. قان ئېقىتىپ نەزىر بېرىدۇ، يەنە مازار يېنىدىكى دەرەخلەرنىڭ، تاغلارنىڭ كاۋاكلىرىغا قولىنى سېلىپ نىمە چىقسا شۇنى يېۋېتىدۇ ھەمدە يېڭى يەڭگىگەن ئايالدىن بالا ھەمرىيىنى سوراپ ئەكېلىپ ئىسسىق پېتى بىر قاچىغا سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ.

بالا بېقىۋېلىشمۇ بالا تەلەپ قىلىشتىكى ئاساسلىق ئادەتلەردىن بىرى.

ھامىلدارلىق مەزگىلى شۇ ئايالغا نىسبەتەن ئالاھىدە بىر مەزگىل بولۇپ، بۇ چاغدا ھامىلدار ئايال ئاللاغا ئەڭ يېقىن كىشى دەپ قارىلىپ ھۆرمەتلىنىدۇ. ئۇ ئۆرۈپ - تىللاشقا، يالغۇز قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

قەدىمدىن ھامىلدار ئايال تۆگە گۆشى يېسە تۇغۇتى تۆگە تۇغۇتىدەك ئون ئىككى ئايغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ، كېچىسى شەپەرەڭ كۆرۈپ قالسا، بالىسى قارىغۇ تۇغۇلىدۇ، توشقان كۆرسە، پۇچۇق تۇغۇلىدۇ، ھامىلدار ئايال چىرايلىق كىشىلەرگە قارىسا، بالىسى چىرايلىق تۇغۇلىدۇ، بالا قورساقتا مىدىرلىغان چاغدا ئانا كىمگە قارىسا، بالىسى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ھامىلدار ئايال مېۋە - چېۋىلەرنى كۆپ يەپ بەرسە، بالىسى ساغلام، چىرايلىق تۇغۇلىدۇ... دېگەندەك قاراشلار مەۋجۇت. يەنە ھامىلدار ئايال يەرنى پاكىز سۈپۈرۈپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرسا، بالىسى چىرايلىق توغۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

غۇلجىدا بالىنىڭ سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن «ئانىلار چېيى» ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل ئادەت بار. بۇ ئەلچى كەلگەن قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈندە قىزنىڭ ئانىسى يەتتىدىن - ئون بەشكىچە ياشانغان بۇۋۋىم ئاياللارنى چاقىرىدۇ. ئۇلارغا چاي تارتىشنىڭ ئالدىدا ھامىلدار ئايال ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، ئاياللار قولىنى چايقاپ ھامىلدار ئايالنىڭ ئالدىغا تارتقان پەرتۇققا سۈرتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئايالنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەيدۇ.

ھامىلدار ئايالنىڭ تولغىقى تۇتقاندا،

ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا توغرا كەلسە ، بۇ ئىشتىن ئايالالار خەۋەر تاپقان بولسا چازا ، تاغاق دېگەندەك نەرسىلىرىنى ، ئەرلەر خەۋەر تاپقان بولسا ، قولياغلىق ، پارچە پۇل ، تۇگمە قاتارلىق نەرسىلەرنى ھامىلدار ئايال بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ . بۇنداق قىلىشى تۇغۇتنى كۆپ كىشىلەر ئاڭلاپ كەتسە ، يۇقىرىقى ئۇدۇمنى قىلمىغاندا تۇغۇت تەسكە ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ ، دېيىلىدۇ . بۇ نەرسىلەر ھامىلدار ئايال بوشانغاندىن كېيىن ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ .

ئايال يەڭگىگەندىن كېيىن بىرىنچى تۇغۇتى ئاساسەن قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ . بۇ ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت . تۇغۇتلۇق ئايال ئايرىم بىر ئۆيدە بېقىلىدۇ . بۇ ئۆيگە قىرىق كۈنگىچە قىزنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا - سىڭىللىرىلا كىرەلەيدۇ . باشقا كىشىلەرنىڭ كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، شۇ ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇلىدۇ . يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئاۋۋال باشقا ئۆيگە باشلىنىپ چاي دەملەپ مېھمان قىلىنىدۇ . ئاندىن تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ . ئۇدۇللا تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ يېنىغا كىرسە ، بوۋاق يىغلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا بوۋاق بار ئۆيگە قۇرۇق قول كىرىشكە بولمايدۇ . بولمىسا بالا قۇرۇق ئېغىز بولۇپ ، رىزقلىق بولماي قالىدۇ دېيىلىدۇ . بالا تۇغۇلغاندا شۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم كىم كىرسە ياكى تۇغۇت ئانىسى قانداق بولسا ، بالىنىڭ مىجەزى شۇ كىشىنى تارتىپ قالىدۇ دېيىلىدۇ . بوۋاق بار ئۆيگە قىرىق كۈنگىچە ئۇن ، خام گۆش ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ . ئۇن توزۇيدىغان نەرسە بولغاچقا بالىنىڭ چىرايى سوغۇق چىراي بولۇپ قالىدۇ ، خام گۆش ئېلىپ كىرسە ، بالا يۈزى قىزىل يۈز بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ .

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . (ئادەتتە ئۈچ كۈندىن كېيىن ياكى يەتتە كۈنگىچە ) تۇنجى بالىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرى تاپىدۇ . ئىسىم قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بالا بۆشۈككە سېلىنىدۇ . بۆشۈككە سېلىشنىڭ ئالدىدا بالا يۇيۇلىدۇ . بالىنى يۇيىدىغان سۇغا بالىنىڭ ئېتىنىڭ چىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئازراق تۇز سېلىنىدۇ . يۇيىدىغان چاغدا بىر پارچە گۆشنى سۇ قۇيۇش بىلەن تەڭ بەدەنلىرىگە سۈركەپ چىقىدۇ . بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىنىڭ بەدىنىگە يارا - چاقىلارنىڭ چىقماسلىقىنى ، ئەتلىك بولۇپ سەمرىشىنى تىلەيدۇ . بالىنى بۆشۈككە سېلىشقا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ، دىنىي ئىلىمگە كامىل ياشانغان ئايال تەكلىپ قىلىنىدۇ . بالىنىمۇ شۇ ئايال يۇيۇندۇرىدۇ . بۆشۈك جابدۇقلىرى تەييارلىنىدۇ . ئاندىن بۆشۈككە ئادراسمان ، ئارچا ياغىچى ، قوي يېغى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ . ئاندىن مۇشتۇمچىلىك تاش تېپىپ كېلىنىپ ، بالىنى بۆشۈككە سالىدىغان چاغدا بالىنىڭ ئانىسى تاشنى تۇتۇپ ، بۆشۈكنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ . بالىنى بۆشۈككە سالىدىغان ئايال بالىنى تۇتۇپ ، بۆشۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ ۋە ئىككىسى «مەن بالامنى سالىمەن» دېسە «تاش بالامنى سالىمەن» دەپ تالىشىدۇ ، ئاخىردا بالا

بۆشۈككە سېلىنىپ بۆلىنىدۇ . تاش بالىنىڭ باش تەرىپىگە قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ . بۇ بالىنىڭ بېشىنىڭ خۇددى مۇشۇ تاشتەك قېتىشقا بولغان تىلىكىنى بىلدۇرىدۇ . تاكى قىرىق كۈنگىچە بالىنى داكىغىلا يۆگەپ بۆلەيدۇ . قەدىمدە بالىنى كىيىم بىلەن بۆلىسە ، پەرىشتىلەر كىيىمنىڭ پېشى بىلەن بالىنى قۇم توشۇتۇپ بالىنى ئۇخلاتمايدۇ ، دەپ قارايدۇ . كىيىمسىز بۆلەشنىڭ ئىلمىيلىك تەرىپى بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى قېتىشمىغان بولغاچقا ، بالىغا كىيىم كىيگۈزۈش خەتەرلىك دەپ قارىسا كېرەك . يەنە قۇرۇق بۆشۈكنى تەۋرەتسە يامان بولىدۇ ، بۆشۈككە يۆلەنسە بوۋاققا قوقاق كۆچۈپ قالىدۇ دېگەندەك قاراشلار بار . شۇنداقلا يەنە قوينىڭ بويۇن سۆڭىكىنى پىشۇرۇپ ، گۆشىنى يەڭگەن ئايال يېگەندىن كېيىن ئۇستىخاننى تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ دېرىزە سىرتىغا قىرىق كۈنگىچە ئېسىپ قويىدۇ . بۇ بالىنىڭ بويىنىنىڭ تېزراق قېتىشىنى تىلەيدىغان ئادەتتۇر .

بوۋاق قىرىق كۈنلۈك بولغان كۈنى بالىنىڭ قىرىق سۈيى قۇيۇلىدۇ . بۇ چاغدا بالىنىڭ ئانىسى كىچىك توقاچلارنى يېقىپ پىرەنىك ، كەمپىت قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ . ئاندىن يەتتە كۆۋرۈك ، يەتتە مەسچىتنىڭ ياغىچىدىن ، يەتتە كوچا ئېغىزىنىڭ چاۋاسىدىن ، يەتتە ئۆستەڭنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ كېلىپ ، ئۇلارنى جاۋۇرغا سېلىپ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيىدۇ . ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە ئادراسمان ، ئارچا ياغىچى ، ئانىسىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكى سېلىنىدۇ . ئاندىن مەھەللىدىكى ئون ئىككى ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى چاقىرىدۇ . ھەربىر بالا تەييارلانغان سۇنى ئۈچ قېتىم تىلەك تىلەپ ، يەنە بىر قۇرۇق جاۋۇرغا ئۈچ قوشۇقتىن قۇيىدۇ . بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن بالىلارغا توقاچ ئۈستىگە ھالۋا ئېلىپ ، كەمپىت ، پىرەنىكلەر بېرىپ رازى قىلىنىدۇ . بۇ بەلكىم سەبىي بالىلار دۇنيادىكى ئەڭ پاك كىشىلەر ، ئۇلارنىڭ تىلىكى ئاسان ئىجابەت بولىدۇ ، دەپ قارىغانلىقتىن بولسا كېرەك . ئاخىردا تىلەك بىلەن قۇيۇلغان سۇ ئىسسىتىلىپ بالا يۇيۇلىدۇ .

بۇ كۈنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى ۋە بىرقانچە ئايال تۇغقانلار قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە تاۋاق قىلىپ كېلىدۇ . شۇ كۈنى بۆشۈك توي كۈننى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ . ئاندىن ئوغۇل تەرەپ بۆشۈك توي كۈنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ، قىزغا ، بالىغا ئادىمەتچىلىكلەرنى قىلىپ ، رەھمەت تەزىم بىلەن قىزنى يۆتكەپ كېتىدۇ .

مۇھەررىرى : خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# چېچەن قىز بىلەن ئەقىللىق يىگىت

بۇرۇن بۇرۇنكەن، بۇنىڭدىن ئۇزاق زامان ئىلگىرى يىراق يېقىن، يېقىن يىراق ئىكەن.

شۇ زاماندا بىر يۇرتتا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. بوۋاينىڭ ئانىسىدىن يېتىم قالغان بىر قىزى بار ئىكەن.

قىز بوۋاينىڭ تەربىيىسىدە ئىشچان، ئەقىللىق، ساھىبجامال قىز بولۇپ بويىغا يېتىپتۇ. قىزنىڭ نامى يۇرت - يۇرتلارغا تارقاپتۇ. قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن يىگىتلەر قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر كۆپەيگەنسېرى بوۋاينىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئاخىر قىزىغا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت ساپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— ئاتا، بۇ ئىشتا مېنىڭ ئۆز رايىم بويىچە ئىش قىلىشىمغا، يىگىتنى ئۆزۈم تاللىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە، — دەپتۇ. ۋە ئاتىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن:

— ئەي ئاتا، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلگەن ھەرقانداق ئەلچىنى قوبۇل قىلسىلا، لېكىن يىگىت مەن بىلەن كۆرۈشمەي قايتمىسۇن، — دەپ ئۆز پىلانىنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ يىگىتنى قىزنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ. قىز يىگىتنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئەقىل - پاراسىتىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا تېپىشماق ئېيتىدىكەن، قىزنىڭ تېپىشمىقى ناھايىتى قىيىن بولۇپ نۇرغۇن يىگىتلەر سىناقتىن ئۆتەلمەپتۇ. يىگىت ئالماشسا، تېپىشماقمۇ تەڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلى قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام ئورنىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئاڭلىغىلى نامىڭنى،
يىللار بولدى ئەي جانان.
تۈنلەر ئۆتتى ئۇيقۇسىز،
ۋىسال تاپاي مەن قاچان.

قىز يىگىتكە جاۋابەن بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

چۆرگىلىمىسە بىر جۇپ تاش،
يانچىلمايدۇ دان، چىگىت.
ئاتالمايدۇ ھېچقاچان،
تەم - تەم يۈرگەن ھېچ يىگىت.

يىگىت قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

مەن يېتىممەن بىر غېرىب،
ئېتىمدۇر يىگىت شېرىپ.
توك خەمەكنى پەلىزدە،
بولماس يېگىلى يېرىپ، — دەپتۇ.

قىز:

ئەي يىگىتلەر داناسى،
بولسا ئەقلىڭ زىياسى.
كەل بېرەي ساڭا سوئال،
تاپقىن ۋىسال شىپاسى.

— دەپ يىگىتكە ئىجازەت بېرىپتۇ. يىگىت كېلىپ قىزنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپتۇ. قىز سۆز باشلاپتۇ:

— ئەي يىگىت، مۈشۈك ئەزمىسىنى ئەزسە، ئولجىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ، — دەپ يىگىتنى سەگەك بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. يىگىت:

— مەن قىلنى قىرىققا يارىمەن، بولمىسا جاھان ماڭا تار كېلىدۇ، — دەپتۇ. قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي يىگىت، ئاتقان ئوق قايتىلانماس، — دەپتۇ.

— يىگىت سۆزىدىن يانماس، قېنى مەلىكە سۆزىڭىزگە تەشنا مەن، — دەپتۇ

www.uyghurkitap.com

يىگىت .
قىز تېپىشماقنى باشلاپتۇ :

جاھاندا ئەجەپ نەرسە بار ،
باغلاق تۇرۇپ سەمرەر .
ئۈزۈلسە ئۇنىڭ شوينىسى ،
كۆرۈنمەيدۇ شولىسى .

يىگىت ، ئۇ نىمە نەسلى
جاھاندا بار قانچىسى ؟ — دەپتۇ .

يىگىت دەرھاللا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :

ئەتىيازدا ئېتىزغا ،
تارتقانىدىم چوڭەك .
سالا – سالا پىلەكتە ،
چۈشكەنتى خەمەك .

ئەجەب تاتلىق قوغۇنلار ،
بەك شېرىن يېسەك .

ئاندىن دەرھال يېنىدىكى ئالا خۇرجۇندىن تورلىشىپ سارغىيىپ پىشقان بىر قوغۇننى چىقىرىپ ، قىزنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويۇپتۇ . قىز ناھايىتى ھەيران قاپتۇ ۋە :
— بۇ نىمە كارامەت ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— مەن بۈگۈن ئەتىگەن بازاردا قوغۇن ساتقانىدىم . ھەممە قوغۇنلىرىم سېتىلىپ بولدى . ئاخىر مۇشۇ بىرىنىڭ باھاسىغا ھېچكىم چىقالمىدى . شۇڭا بۇنى سىزگە ئېلىپ كەلدىم ، — دەپتۇ يىگىت ۋە يەنە :
— ئەي جانان ، تەرخەمەك ، تاۋۇزلارمۇ باغلاق تۇرۇپ سەمرىيدۇ ، — دەپتۇ .
قىز يىگىتنىڭ جاۋابىغا قايىل بولۇپ ئىككىنچى تېپىشمىقنى باشلاپتۇ .

ئېغىزىدا چىشى يوق ،
پاكىرى كۈنارە .
خېنە چېچەكى ،
كۈنارە ئىچىدە .
ھۆل ھەم قۇرۇق كارى يوق ،
ھەممىنى سۈمىرە .
ئىچىدە غولى يوق ،
ئېگىزى مۇنارە .
يۇلغۇننىڭ پۆپۈكى ،
مۇنارە ئىچىدە .
تۇتارغا بېلى يوق ،
ئاسمانغا ئۆرلەر .

يىگىت قىزنىڭ تېپىشمىقىنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپتۇ . قىز «جاۋاب بېرەلەرمۇ ، جاۋاب بېرەلمىسە ، يىگىتكە ئۇۋال بولىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا يىگىت مەنىلىك كۈلۈپ :

ھاجەتمۇ ئارتۇق گەپ ،
مۇللام ئالدىدا .
ھاسىلدۇر جاۋابى ،
مۇراد تاپقاندا .

قىز يىگىتنىڭ جاۋابىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ ئېنىق جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن :
— ئەي يىگىت ، گەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۈزدە ، گېپىڭىزنى ئوچۇق قىلىڭ ، — دەپتۇ . يىگىت :
— پاكىرى كۈنارە — ئوچاق ، ئېگىزى مۇنارە — تۈرخۈن ، خېنىنىڭ چېچىكى — ئوت ، يۇلغۇننىڭ پۆپۈكى – ئىس ، ئىسنى تۇتقىلى بولمايدۇ ، ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .
قىز يىگىتنىڭ ئاخىرقى جاۋابىغا ھەقىقەتەن قايىل بوپتۇ ، ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە توي قىلىشقا رازىلىق بېرىپتۇ .
قىز – يىگىت خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ توينى قىپتۇ ۋە بوۋاي بىلەن بىللە تۇرمۇشنى بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ .

توپلىغۇچى : ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
(تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللىي دىنىي ئىشلار باشقارمىسى مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى )
مۇھەررىرى : خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ھېكمەتلەر

△ ئازار بەرگۈچى ئازاردىن باشقىنى كۆرمەيدۇ ، تىكەن تېرىغان كىشى ھەرگىز گۈل ئۇندۇرەلمەيدۇ .

△ ھەر كىشى ئەگەر ئەقىل گۈلزارىدىن بۇي ئالغان بولسا ، ئازار ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشىنىڭ زەرەردىن باشقا ھوسۇل ئالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ ؛ مەنپەئەت دەرىخىنى تىككەن كىشى راھەت مېۋىسىنى يەيدۇ . بۇ جاھان بىر مۇكاپات يېرىدۇر ، ئۇ بىر تاغقا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ياخشى ياكى يامان سۆز قىلساڭ ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدا يەنە شۇنى ئاڭلايسەن .

△ ئاقىل كىشىلەر يامان ئىشلاردىن پەرھىز قىلىشى ، يامان ھەمسۆھبەتلەردىن قېچىشى ، ياخشى ئىش - ئەمەللەرنى قىلىشى ۋە ياخشى خۇي - پېئىللىق بولۇشقا نىيەت باغلىشى كېرەك .

△ ھېچقانداق پادىشاھ ئالەم گۈلشىنىدىن ۋاپا ھىدىنى پۇرىغىنى يوق ۋە ھېچقانداق ئېغىز دەۋران ساقىيسىنىڭ قولىدىن جاپاسىز شاراب ئىچكىنى يوق .

△ باغرى قان بولغان كۆڭۈللەر ئۈچۈن سەۋرىدىن ياخشىراق مەلھەم يوق .

△ ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاياغلىشىشى بولىدۇ ۋە ھەر ئاۋۋالنىڭ بىر ئاخىرى بولىدۇ . ئەگەر ئۆمۈرنىڭ مۇددىتى توشۇپ ، ئەجەل ۋاقتى يەتسە ، كۆز ئاچقۇچە مۆھلەت بەرمەيدۇ . ھەر گۇرۇھقا ئۆلۈم ۋە ئازاب ۋاقتى تەيىن قىلىنغان . ئەگەر شۇ ۋاقىت كېلىدىغان بولسا ، ئۇنىڭدىن كىچىككىنە ۋاقتىنىمۇ تىلەپ ئالالمايدۇ . شۇڭا ھەر غەمنىڭ ئارقىسىدىن شادلىقنى تىلەش كېرەك ۋە ھەر تويدىن كېيىن كېلىدىغان ماتەمنىمۇ كۆرۈش كېرەك .

△ ھەرقانداق ھالدا ، خۇدادىن كەلگەن قازاغا رىزا بولۇش ۋە نالە - پەرياد قىلماسلىق كېرەك . چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق .

△ ئەگەر قانخورلۇق ۋە جاپاكارلىقىڭنى داۋام قىلدۇرساڭ ، بۇنىڭدىنمۇ يامان بالالارنى كۆرۈشۈڭ چوقۇم ، بۇ يامان پەيلىڭنى تاشلا ، كۆڭلۈڭنى بىئازارلىق يولىغا باشلا . چۈنكى ئازار بەرگۈچى ھېچقاچان راھەت كۆرمەيدۇ ، زالىم ھەرگىز مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ، زالىمنىڭ تەدبىر ياسىدىن ئېتىلغان ئوق ھېچقاچان مەقسەت نىشانىغا تەگمەيدۇ .

△ زۇلۇم بىلەن ئېلىپ يېگەن نەرسە ، گەرچە تاتلىق بولسىمۇ ، ئاخىر غايەت ئاچچىققا ئايلىنىدۇ .

△ جىسمانىي ھالاۋەت بىلەن روھىي ھەقىقەتنىڭ لەززىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ .

△ ھەر كىشى ئۆز ئىشىنىڭ باشتىن - ئاخىر ياخشى سۈپەتلەر بىلەن زىننەت تېپىشىنى خالىسا ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا راۋا كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىق ھەم زالىملىقنىڭ شۇملۇقىغا ئۇچرىمايدۇ .

△ ھەر ئىشقا لايىق ئادەم ، ھەر جايغا مۇناسىپ سۆز بار . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى ئىشنى بەزى ئادەملەردىن باشقىسى قىلالمايدۇ ؛ بەزى چاغدا بۆلەك سۆزنى قىلسا ياراشمايدۇ .

△ ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى

www.uyghurkitap.com

تاشلاپ ، ئۆزگە تونۇشلۇق بولمىغان ئىشـ
نى باشلىسا ، ئەلۋەتتە ھەيرانلىقتا قالىدۇ ،
ئۇ يولدىن مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ ؛ بۇرۇنقى
يۈرگەن يولىغىمۇ يېنىپ كېلەلمەيدۇ . يەـ
نى ئالدىغىمۇ باسالمايدۇ ، كەينىگىمۇ يانالـ
مايدۇ . شۇڭا ئاقىللار ئۆز يولىدا مەزمۇت
قەدەم بىلەن مېڭىشى ، ئارزۇ ـ ھەۋەس
بىلەن باشقا شاخقا قول ئۇزاتماسلىقى ، ئۆز
ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىقى
كېرەك . چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن
زىيان كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ
نەپ ۋە ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ئىشلارنى
ئاسانلىق بىلەن قولدىن بەرمەسلىك كېـ
رەك . ھەر كىشى قايسى ھۈنەردىن رىزقى
تاپقان بولسا ، ئۇنى تاشلىماسلىقى كېرەك .
چۈنكى بۇ پەرىشانلىق ۋە سەرگەردانلىقتىن
نىجات تېپىشنىڭ يولىدۇر .

△ ھەرقانداق كىشى قانائەتلىك بولـ
سا ، ئۇنى دەۋران شاھى دەپ بىلمەك كېـ
رەك ، ھېرىسمەن بولغان ئادەملەرنى زامانـ
نىڭ قارا يۈزلۈك دەپ چۈشەنمەك كېـ
رەك .

△ تاقەت قىلالمىغۇدەك نەرسىدىن
قېچىش ۋاجىپتۇر .

△ ئىلىم ئۆگىنىشتىن ، جاپا ـ مۇـ
شەققەت چېكىش ۋە ئالىملارغا خىزمەت قىـ
لىشتىن كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدا ـ
مەنپەئەت ۋە بەرىكەت ھاسىل بولغۇسىـ
دۇر .

△ ئەگەر پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ
ئەبەدىي بولۇشىنى ، پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇـ
شى پاراۋان ، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكـ
سان ، دوستلىرى شاد ـ خەندان بولۇشىنى
خالايدىغان بولسا ، بىلىمسىز نادان كىشىـ
لەرنى بىلىملىك ئالىملار بىلەن باراۋەر
كۆرمەسلىكى كېرەك . چۈنكى نادان كىشىـ
لەر ئۆزىنى ھەمىشە چوڭلار ۋە بىلىملىك
كىشىلەر بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ . ئۇلارنىڭ
ئەھۋالى خۇددى ئارغىماقنىڭ قېشىغا كېـ
لىپ قالسا ، ئۇنىڭ بىلەن چېپىشقۇسى
كېلىدىغان توكۇر ئېشەككە ئوخشايدۇ . ۋەـ
ھالەنكى ئۇلار چېپىشىپ قالىدىغان بولسا ،
ئېشەك ئارغىماقنىڭ ئاستىدىن چىققان
چاڭغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ .

△ ئەگەر بىر تال قىلنىڭ بىر ئۇچىـ
نى مەن تۇتسام ، يەنە بىر ئۇچىنى ھەممە
خالايىق تۇتۇپ تارتىپ ئۈزمەكچى بولسا ،
ھەرگىزمۇ ئۈزەلمەيدۇ . چۈنكى ئۇلار كۈچ
بىلەن تارتسا ، مەن ئۇلار تەرەپكە بارىمەن .
ئەگەر ئۇلار كۈچىمىسە ، مەن ئاستا تارـ
تىپ ، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىمگە ئەكېلىمەن .
يەنى مېنىڭ ياۋاشلىقىم ھەم خۇشخۇيلۇقۇم
شۇ دەرىجىدىكى ، ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىـ
سى بىلەن ياخشى چىقىشىمەن .

△ بىلمەك كېرەككى ، ئېغىرلىق ۋە
ياۋاشلىق پادىشاھلار ئۈچۈن زىبۇزىننەت
بولىدىغان ياخشى خىسلەت . چۈنكى ئۇلارـ
نىڭ ھۆكۈملىرى جاھان ئەھلىنىڭ جانلىـ
رى ۋە ماللىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدۇ .
ئۇلار ئەگەر خۇيلىرىنى ياۋاشلىق ۋە دىياـ
نەت بىلەن زىننەتلىمىسە ، بىر قوپاللىق
بىلەن خالايىقنىڭ ھاياتلىقىنى بەربات قىلىـ
ۋېتىدۇ ـ دە ، مەملىكەتتىن نىزام ۋە كۆـ
ڭۈل ئارامى يوقىلىدۇ .

△ پادىشاھ ياۋاش بولۇشىنىڭ ئۈستىدـ
گە ، ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى كېرەك .
چۈنكى چىدامسىز ياۋاشلىق ئەيىبتىن خاـ
لىي ئەمەس . ئەگەر كىشى ياۋاشلىق قىـ
لىپ ، نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى كۆتۈرگەن ھاـ
لەتتىمۇ ، ئاقىۋىتىدە يەڭگىللىك قىلىپ
قويسا ، بارلىق بەرداشلىقلىرىنىڭ ھەممىـ
سى زايا بولىدۇ .

△ پادىشاھلار غەزەپتىن يىراق بولۇـ
شى لازىم . چۈنكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايـ
مان كەلتۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ياۋاشـ
لىق پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇيى ، ئاچچىقلانماق

ئىتنىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بار . ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا شۇ ئىش ئېنىق ۋە مۇقەررەركى، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ غەزىپى ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىسە، ساداقەتلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ .

△ بىر كىشى بىر بۇزرۇكۋارزدىن : «بارلىق ياخشى خۇلقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇشى ئاسان بولغان بىر سۆپەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ؟» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن . ئۇ بۇزرۇك كىشى : «غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

△ ھەق سۆز ئاچچىق ئاڭلىنىدۇ، غەرەزسىز نەسىھەت قوپال تۇيۇلىدۇ .

△ قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى نەپس - ھاۋانىڭ ئىلكىگە بەرمە، چۈنكى ئۇ سېنى ئەبەدىي ھالاكەتكە باشلايدۇ .

△ ئاچچىق ۋاقتىدا ئالدىڭدا ئاجىز بولۇپ تۇرغانلارغا رەھىم قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ ئاخىر بىر كۈنى ساڭىمۇ رەھىم قىلىنىدۇ .

△ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە شەرىئەتنىڭ سىرتىغا چىقما ۋە ھېچقاچان ئىنساپنى تاشلىما .

△ ئۈچ خىل كىشى ھەمىشە غەم- ئەندىشىنىڭ ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ تۇرىدۇ . بىرىنچىسى : ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى . ئىككىنچىسى : قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى . ئۈچىنچىسى : نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاخىردا ھەسرەت - نادامەتكە قالغان كىشى .

△ ئۈچ خىل كىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىشى خاتا . بىرىنچىسى، تۆمۈرچىنىڭ ئاق تون كىيىپ دۇكىنىدا ئىش قىلىشى . ئىككىنچىسى ،سودىگەرنىڭ قىممەت باھالىق لىباس كىيىپ سۇ ئىچىدە بوز يۇيۇشى . ئۈچىنچىسى، سودىگەرنىڭ ساھىبجامال خوتۇن ئېلىپ ئۇنى ئۆيىدە تاشلاپ ئۆزى سەپەرگە كېتىشى خاتادۇر .

△ مېھرىبان يارنىڭ پىراقى قاتتىق رەنج ئىكەن، نادامەتنىڭ پايدا بەرمەسلىكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئىكەن .

△ ئۈچ خىل كىشىلەر ئۆزىنى رەنجىدگە سالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، جەڭ ۋاقتىدا ئۆزىدىن غاپىل بولغانلار . بۇلار زەخمە يەيدۇ . يەنە بىرى، ھارامدىن مال جۇغلىغانلار، بۇلارنىڭ مېلى تالان - تاراجقا كېتىپ، ئۆزىگە ئۇۋالدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ . يەنە بىرى، ئۆزى قېرى تۇرۇپ ياش خوتۇن ئالغانلار، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچالمايدۇ .

△ ئىككى خىل كىشى ئاقىل يوسۇنى بىلەن ئىش قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ پۇل ۋە مېلىنى يات كىشىنىڭ قېشىدا ئامانەت قويغانلار؛ ئىككىنچىسى، كىشى بىلەن خۇسۇمىتى بار بولغان بولسا، نادان كىشىنى ئۆز دەۋاسىنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىلا سۆزلىشىۋەرگەنلەر .

△ بەش خىل خوتۇن ئۈچۈن غەم يېمەك راۋا . ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نەسەبى ئۇلۇغ، ئۆزى ساھىبجامال ۋە پاك بولغان خوتۇنلار . ئىككىنچىسى، ئۆزى دانا، ئېغىر- بېسىق، ئەقىدىلىك ۋە بىر كۆڭۈللۈك بولغان خوتۇنلار . ئۈچىنچىسى، ھەمىشە تەرەپدارلىق، ھاۋادارلىق قىلىدىغان، نەسىھەتگۇي ۋە شەپقەتلىك خوتۇنلار . تۆتىنچىسى، يۈزى قۇتلۇق، سۆزى مۇبارەك ۋە ئايىغى يارىشىدىغان خوتۇنلار . بەشىنچىسى، ئۆزىگە خاھى زىيان يەتسۇن، خاھى پايدا كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قانداق يول بىلەن بولمىسۇن ئېرىگە پايدا يېتىشىنى كۆزلەيدىغان خوتۇنلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

△ ئىككى خىل كىشىدىن يىراقلاشماق زۆرۈر . ئۇنىڭ بىرى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئوخشاش ھېسابلايدىغانلار . ئىككىنچىسى ، تۇرقىنى يامان خۇي - پەيلىدىن ، قەلبىنى ئۇۋاللىق پەيدا قىلىدىغان نىيەتتىن پاك تۇتمىغانلار .

△ سەككىز خىل كىشىنى سەككىز ۋاقىتتا سىناش كېرەك . يەنى شىجائەتلىك كىشىلەرنى جەڭدە ، دېھقانلارنى تېرىقچىلىقتا ، ئۇلۇغلارنى غەزىپى كەلگەندە ، سودىگەرنى ھېساب - كىتابتا ، دوستلارنى ھاجەت چۈشكەندە ، ياخشىلارنى مېھنەت يەتكەندە ، زاھىتلارنى ئاخىرەت ئىشلىرىنى مەھكەم تۇتۇشتا ، ئالىملارنى بايان ۋە ئەمرىمەرۇپلاردا سىناش كېرەك .

△ تەبىئىتى پەس بېخىللارنىڭ ئالامىتى شۇكى ، كىشىنىڭ كىشىگە سېخىيلىق قىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ .

△ پادىشاھلار ئۆز سۆھبەتلىرىدە ئۆز ئىززىتىنى بىلىپ ، ئېسىللىقنى پەزىلەت قىلغان كىشىلەرنى سۆھبەتداش قىلىشى ، بەدئېسىل ۋە جاھىل كىشىلەردىن پەرھىز قىلىشى كېرەك . چۈنكى بۇ تائىپە دىيانەتسىز بولىدۇ . ھەرقانداق كىشىدە دىيانەت ۋە ئامانەت سۈپىتى بولمىسا ، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئەيىب ۋە ھەرقانداق يامان قىلىق سادىر بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك كېرەك .

△ ماۋزۇنىڭ ياخشىلىقى قىسسىنىڭ قىزىقلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ .

△ سۈرەتنىڭ خوپلۇقى مىزاجنىڭ مۆتىدىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولالايدۇ .

△ تەربىيەت دېگەنمۇ ئۆز زاتىدا ئېسىللىق بار بولغان كىشىگە لايىق كېلىدۇ . چۈنكى ھەممىلا تاش گۆھەرگە ئايلىنىۋەرمەيدۇ . ھەممە قان ئىپارغا ئۆزگەرمەيدۇ . ئەسكىلەرنى مىڭ يىل تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تەمە قىلىش راۋا ئەمەس .

△ ۋەتەن سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر .

△ بۇ جاپاكەش دۇنيادا كىشىگە ھېچقانداق راھەت جاپاسىز كەلمەيدىكەن . بۇ روزىغا ۋەيرانىسىدىكى ھېچقانداق خەزىنە رەنج - مېھنەتسىز يۈز كۆرسەتمەيدىكەن .

△ بەدئېسىل ئادەمزات ياخشىلىقتا يامانلىق يەتكۈزىدۇ .

△ بىلمەك كېرەككى ، ياخشىلىقنىڭ ئەجرى ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ ، يامانلىقنىڭ جازاسىمۇ يەتمەي قالمايدۇ .

△ ھۆسن سەرمايىسى مۇئامىلە بازىرىدا كەم باھا مالدۇر .

△ ئەقىل ۋە تەدبىر ھەممە يەردە كارغا ياراۋەرمەيدۇ ۋە ھەممە ۋاقىتتا پايدا بېرىۋەرمەيدۇ . ئەگەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى دۆلەت ۋە نېمەت بېرەلەيدىغان بولسا ، ھەربىر دانا كىشى پادىشاھلىق تەختىدە سۆلەت بىلەن ئولتۇرالىغان بولاتتى .

△ ئىنسانغا كاسىپكارلىق ۋە تىرىشچانلىق ياخشىدۇر . چۈنكى ئادەمزاتقا سائادەت ۋە كەڭ - كۇشادە پاراۋانچىلىق ئەنە شۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن كېلىدۇ .

△ ئەگەر قازا جامالى پەردە ئارقىسىدا جىلۋىگە كەلمىسە ، ھۆسن مېۋىسى سائادەت بۇلۇڭىدىن چىقالمايدۇ . تەقدىر سودىگىرى مەئىشەت دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمىسا ، دانىشمەنلىك مېلى قوبۇل بازىرىدا راۋاج تاپالمايدۇ .

تەييارلىغۇچى : نۇرنىسا باقى
مۇھەررىرى : يۈسۈپ ئىسھاق

# «ئابدۇراخمان خوجا» داستانى ھەققىدە

ئەلانۇر يۈسۈپ

«ئابدۇراخمان خوجا» داستانى پۈتۈن
شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان ، تەسىرى خېلىلا
زور داستان . XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خو-
تەننىڭ ئاتچى① دېگەن داۋاندا ھېبىبۇللا
مۇپتى ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن
بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن .
چوڭىنىڭ ئېتى مەسۇمخان ، ئوتتۇرانچى-
سىنىڭ سۇدۇرخان ، كىچىكىنىڭ ئېتى
ئابدۇراخمان (1833 ـ1863) ئىكەن .
ئابدۇراخمان 7 ـ 8 ياش مەزگىللىرىدە
تۇيۇقسىز ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي (خى-
زىر) غا يولۇقىدۇ ، خىزىر ئۇنىڭ بىلەن
ئەھۋاللىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ 30 ياشقا كىر-
گەندە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇشىنى ، يۇرتىغا
سادىق بولۇشىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا زەمزەم
ئىچكۈزۈپ ، ئوڭ دولىسىغا ئالتۇن تامغى-
سىنى بېسىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ .
دەرۋەقە خان خوجا كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن ئارسلاندەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ
ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يېتىدۇ . دەل
مۇشۇ ۋاقىت (XIX ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى-
نىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈ-
ۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن
چاغ بولۇپ ، ئابدۇراخمان خوجا باشچىلى-
قىدا نەچچە يۈزلىگەن ئەزىمەتلەر قوزغى-
لىپ چىقىدۇ . نەتىجىدە ئۇلار جەڭدە با-
تۇرلۇق كۆرسىتىپ ئىلچى② شەھىرىنى
قولغا ئالىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي ئامبال قا-
چاقلىرى ئابدۇراخمان خوجىغا : «بىز بى-
لەن ئېتىشار بولساڭ مەيدانغا چۈش ، بول-
مىسا ئىلچىنى دەرھال قايتۇرۇپ بەر» دەپ
مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ . دەرغەزەپكە كەلگەن
ئابدۇراخمان خوجا جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن
ھاجىم ئاتىسىدىن ئىجازەت سورايدۇ ھەم
ئۆزىنىڭ 41 ياردەمچىسىنى بىر ـ بىرلەپ
ئاتىسىنىڭ③ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدۇ . ئاتا
ئۇلارنىڭ رەڭگىروي ، تەقى ـ تۇرقىغا قا-
راپ 40 ئەزىمەتنى تاللاپ ، بىرىگە كەلگەن-
دە ئابدۇراخمان خوجىغا قاراپ ئىسمائىل
دېگەن بىرىنى ھەمراھ قىلماسلىقنى ئېيتى-
دۇ . ئەمما ئابدۇراخمان خوجا ئاتىسىغا
ئىسمائىلنىڭ يەتتە يېشىدىن تارتىپ ئۆزى-
نىڭ ئاش ـ تۇزىنى يەپ چوڭ بولغان
ئىشەنچلىك ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ،
ئىسمائىلنى قوشۇندىن قالدۇرۇپ قويۇشقا
ئۇنىمايدۇ . ئاتا ئىلاجىسىز ئوغلىغا ئىجا-
زەت ۋە دۇئا بېرىدۇ . ئابدۇراخمان خوجا
باشلىق قوشۇن پىيالمىغا④ يېقىن كەل-
گەندە ، قارشى تەرەپكە ئىسمائىلنى ئەلچى-
لىككە (جەڭ ئېلان قىلىشقا) ئەۋەتىدۇ .
لېكىن دۈشمەن تەرەپ ئىسمائىلغا : «ئە-
گەر سەن ئابدۇراخمان خوجىنىڭ كاللىسى-
نى ئېلىپ كەلسەڭ ، ساڭا 80 يامبۇ مۇكا-
پات بېرىمىز» دەپ ئۇنى ئالدايدۇ . ئىسما-
ئىلنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ دۈشمەنگە سېتى-
لىدۇ . جەڭ باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي
يۈزلەپ چېرىك جېنىدىن جۇدا بولىدۇ .
دەل شۇ پەيتتە ساتقىن ئىسمائىل ئابدۇ-
راخمان خوجىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدى-
لىنىپ ئارقىسىدىن كېلىپ ئوق ئۈزىدۇ
ھەم قىلىچ ئۇرىدۇ . نەتىجىدە ئابدۇراخمان
خوجا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارى-

① ئاتچى —— خوتەندىكى مەلۇم جاي .
② ئىلچى —— خوتەن شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلى-
شى .
③ دۇر —— چىش .
④ پىيالما —— خوتەندىكى بىر يېزىنىڭ نامى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

خان ئادىمى تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرايدۇ . خائىن ئىسمائىل بولسا ، قوشۇندىكىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ .

ئومۇمەن بۇ داستاندا XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئېغىر سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى — ئابدۇراخمان خوجىنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان .

ئابدۇراخمان خوجا — داستاندىكى باش پېرسوناژ بولۇپ ، ئۇ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش جېنىنى قۇربان قىلغان قەھرىمان شەخس . شۇنداقلا ئۇ يەنە مەھكۇملۇقنى خالىمايدىغان ، ھۆر ياشاشنى ئىستەيدىغان غۇرۇرلۇق يىگىت . ئۇنىڭ بۇنداق خاراكتېرى ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت تەرەپىدىن يېتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ، ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىلىرىغا بولغان سەمىمىي ساداقەتمەنلىكى ، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقى بىلەن خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . بۇ نۇقتىنى بىز ئابدۇراخمان خوجا ۋاپات بولغان ۋاقىتتىكى مۇنۇ تەسۋىردىن بىلىۋالالايمىز :

«ئېگىز چىنار يىقىلدى ،
گۈلدۈرماما چېقىلدى .
نالە - پەرياد ئۈستىگە ،
قايغۇ - ماتەم قېتىلدى .

مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى ،
تەتۈر قىلىپ ئېسىلدى .
توغ - ئەلەملەر ئېگىلىپ ،
جىنازىغا يېپىلدى .
تەتۈر كىيىپ ئېگىننى ،
يولدا ساما سېلىندى .

چاقماق چېقىپ ئاسماندا ،
دۈررى مۇنچاق تۆكۈلدى .
گويا قات - قات بۇلۇتلار ،
چاك - چېكىدىن سۆكۈلدى .

ئابدۇراخمان خان خوجا گەرچە يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە خاراكتېرلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىنسان بولغانلىقتىن بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىن مۇستەسنا بولالمىغان . يەنى ئۇ بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ، باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىپ كېتىش ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن . ئۇ پەقەت ئىسمائىل تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغان ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ئاجىزلىقنى تونۇپ يېتىدۇ .

«ۋادەرىغا ! بىر چاياننى بىلمەيىن ئاسراپتىمەن ،
مۆھتەرەم ھاجىم دادامنىڭ ھەق سۆزىن ئۇقماپتىمەن .
كۆزلىرىم ئويغاق تۇرۇپ غەپلەت ئارا ئۇخلاپتىمەن ،
بىر قاۋاننى ئۆز بالام دەپ قەدىرلەپ ساقلاپتىمەن .
ھەق گۇماننى تەرك ئېتىپ ناھاقنى مەن ياقلاپتىمەن .

داستاندا يەنە بىرنەچچە سەلبىي پېرسوناژلار - ئامبال ، دوتەيلەر ، تەمەخور غالچىلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن .

ئىسمائىل — بۇ داستاندىكى ئىككى يۈزلىمچى ، ئاچ كۆز ، تەسلىمچى خائىن ۋە قانخور جاللات بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋاپاغا - جاپا قىلىدىغان تۈزكورلۇقى پۇل ۋە مەنسەپ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان ساتقۇن خاراكتېرى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن .

ئابدۇراخمان خوجا داستانىنى بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا ، ئۇنىڭدا مۇنداق بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىك مۇجەسسەملەنگەن .

بىرىنچى : داستاندا تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئابدۇراخمان خوجا تارىخىي شەخس بولۇپ ، داستاندا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئۇ باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلىكلەر ھەقىقىي ئادەم ، ھەقىقىي ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغان . يەنى داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى چىنلىق پرىنسىپى ئاساسىدا ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن .

ئىككىنچى : داستان جانلىق ، راۋان ، ئاممىباب ، ساپ ۋە تەبىئىي بولغان خەلق تىلىدا توقۇلغان بولۇپ ، بۇ ھال داستاننىڭ كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىشىگە شەرت ھازىرلىغان .

ئۈچىنچى : داستاندا ئوخشىتىش ، مۇبالىغە ، سىمۋول ۋە جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئەركىن قوللىنىلىپ ، داستاننىڭ ئوبرازچانلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان .

تۆتىنچى : داستان قۇرۇلما جەھەتتىن يىغىنچاق بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر چۆچەكلەرنىڭكىدەك سۇژېت قۇرۇلمىسى رېئاللىقتىكى ھادىسىلەرگە چېتىشتۇرۇلۇپ ، بـولغۇسى ھادىسىلەردىن ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن .

مەسىلەن : خىزىرنىڭ ئابدۇراخمان خوجىغا يولۇقۇشى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىك باياتلىرى ھەم ئۇنىڭغا ئابىزەمزەم ئىچكۈزۈپ ، ئوڭ دولىسىغا ئالتۇن تامغا بېسىپ قويغانلىقى ... قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇر خەلق ئىچىدىكى ئوتوپىيىلىك ئارزۇ - ئارمانى ، ئېتىقادىتىكى ئىنتىلىش ئەقىدىسىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

بەشىنچى : بۇ داستاننى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەم ئورتاقلىققا ھەم خاسلىققا ئىگە . ئورتاقلىقى — باياندىكى ئەركىنلىك ، چىنلىق بىلەن ئوتوپىيىنىڭ تەبىئىي بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە ۋە نەزمىي شەكىلنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدىن ئۆز جايىدا مۇۋاپىق پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلسە ، خاسلىقى — ئىنتايىن قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، «ئابدۇراخمان خوجا» داستانى رېئال ھادىسە - ۋەقەلەرنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يېنىك ، قىزىقارلىق مەدداھلىق شەكلى بويىچە بايان قىلىنغان . ئۇنىڭ قوشاقلىرى ، مۇناجاتلىرى ئىنتايىن راۋان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، چۈشىنىكسىز ، ھەشەمەتلىك ئاتالغۇلاردىن خالىي خەلق تىلى ، خەلقنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرى داستاندىكى قوشاق- غەزەللەردە ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەنگەن .

ئابدۇراخماننىڭ قېرىنداشلىرى ئېگىنلىرىنى تەتۈر كىيىپ ساما سېلىپ پەرياد چېكىدۇ . شېھىتلەر ئۈچۈن تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈش ياكى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە تۇغ - ئەلەملەرنى قويۇش ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت . ھازىرقى كۈندىمۇ بەزى قەبرىستانلىقلاردا بۇ خىل كۆرۈنۈشنى كۆرەلەيمىز . دېمەك : ھازا قوشاقلىرى ، ئېگىننى تەتۈر كىيىپ يولدا ساما سېلىش ، شېھىتلەر ئۈچۈن تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشتەك ئەھۋاللار بىزگە ئۇيغۇرلار ، بولۇپمۇ خوتەن ، يەكەن خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ .

بۇ داستان بىزنىڭ XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ، ئۇلارنىڭ قاباھەتلىك ئۆتمۈشكە بولغان قارشىلىقلىرىنى ، شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ، دىنىي ئادەت ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ، خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە يولۇقۇشىنىڭ تارىخىي ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە مۇئەييەن تېپىك مىسال بولالايدۇ .

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار :
1 . «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» 1 - قىسىم (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)
2 . «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2_1 - قىسىم .
3 . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»

مۇھەررىرى : ۋاھىتجان ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چۆچەكلەر

## ئوخشاش

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاچ كۆز پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ، كۈنىگە يەتمىش ئىككى قېتىم يەتمىش ئىككى تۈرلۈك تاماق يەيدىكەن. ئۇنىڭ مەخسۇس تاماق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەقىللىق مۇلازىمى بار ئىكەن. مۇلازىم ھەر قېتىم تاماق ئېلىپ كىرگەندە پادىشاھ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ:

— مەن يېسەم سەن يېگەنگە ئوخشاش، ئارقاڭغا قارىماي يولۇڭغا ماڭ، — دەيدىكەن - دە، ئىككى قوللاپ تاماققا ئېتىلىدىكەن. مۇلازىم ئاچ قورساق قەسرىدىن ئايرىلىدىكەن.

بىر يىلى ئەتىيازدا پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرا، كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن يىراق بىر جايغا شىكارغا چىقىپتۇ. مۇلازىممۇ ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. مۇلازىم ئاتلىقلارغا يېتىشەلمەي پادىشاھقا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

— ھەي، چاكار قۇل، نېمىشقا ماڭا سوغۇق قارايسەن، مەن ئات مىنسەم سەن مىنگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلۈپتۇ پادىشاھ. مۇلازىم ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پادىشاھ كېيىكلىك تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاتلارغا مۇلازىمنى قارىتىپ قويۇپ باشقىلارنى ئېلىپ تاغقا چىقماقچى بولۇپتۇ. مۇلازىمنىڭمۇ ئۇلار بىلەن تاغقا چىققۇسى كېلىپ پادىشاھقا:

— داد! پادىشاھىئالەم، پېقىر قۇللىرىنىڭ ھەزرەتلىرى بىلەن شىكارغا چىقىشى تۈنجى ئىش، مەنمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ سايىسىدە تاغقا چىقىپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ چۈشكەن بولسام، مېنىمۇ رەھىم قىلىپ ئېلىۋالسىلا، — دەپ نالە قىلىپتۇ.

پادىشاھ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:

— ھوي ئەخمەق، ماڭا بەس سېلىۋاتامسەن تېخى؟ مەن ئۇۋلىسام، سەن ئۇۋلىغانغا ئوخشاشقۇ، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ.

مۇلازىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ «خەپ!» دەپتۇ ئىچىدە. پادىشاھ، ۋەزىر - كېنىزەكلەرنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈپتۇ ۋە سەيلە قىلغاچ ئوردىغا قايتماقچى بولۇپ يولدا سۈيى ئۆركەشلەپ تۇرغان بىر دەرياغا ئۇچراپتۇ. پادىشاھ كۆرەڭلەپ دەرياغا ئات ساپتۇ. ۋەزىرلەر ئەگىشىپتۇ. مۇلازىم قىرغاقتا قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئېتى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، دولقۇن سوقۇپ پادىشاھنى ئىگەردىن ئاجرىتىۋېتىپتۇ. پادىشاھ سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ۋارقىراپتۇ:

— قېنى سەن مۇلازىم، تېز كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن.

— پادىشاھ جانابلىرى، سىلىنىڭ ئاققانلىرى مېنىڭ ئاققىنىمغا ئوخشاش. خاتىرجەم ئېقىۋەرسىلە، ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن! — دەپتۇ مۇلازىم.

## موللامنىڭ جاۋابى

بۇرۇنقى زاماندا بىر چالا موللا پۇل تېپىش ئۈچۈن مەدرىس ئېچىپ بىرمۇنچە

بالىلارنى ئوقۇتۇپتۇ . بىر كۈنى ئىككى تا-
لىپ سۆز تالىشىپ قاپتۇ .
— قۇياش ئەتىگەندە لىگەندەك چوڭ-
لۇقتا كۆرۈنىدۇ ، چۈشتە بولسا كىچىكلەپ
چىنىدەك بولۇپ قالىدۇ . شۇڭغا قارىغان-
دا ، قۇياش ئەتىگىنى چوقۇم زېمىنغا يې-
قىنلاپ كېلىدىكەن ، — دەپتۇ بىرىنچى
تالىپ .
— قۇياش ئەتىگەندە لىگەندەك چوڭ-
لۇقتا كۆرۈنگىنى بىلەن ھاۋا سالقىن بولى-
دۇ . چۈشتە چىنىدەك كىچىك بولغىنى بى-
لەن ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق بولىدۇ . دېمەك ،
قۇياش ئەتىگەندە ئەمەس ، دەل چۈشتە زې-
مىنغا يېقىنلىشىدۇ ، — دەپتۇ ئىككىنچى
تالىپ . ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىگە
قايىل بولماي ، بۇنىڭ راست - يالغانلىقى-
نى موللىسىدىن سوراپتۇ .
موللا بىرھازا ئويلاپ ، بىلمەيمەن دې-
يىشنى نومۇس بىلىپ ، ھودۇقۇقىنىدىن
ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ :
— بۇنى ياراتقان ئىگىسى ئۆزى بى-
لىدۇ ، بۇنى باشقىلارنىڭ بىلىشىگە ھەر-
گىز بولمايدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .
شۇنىڭدىن تارتىپ تالىپلار دەرسنى
بىلەلمىسىلا ، «بۇنى ياراتقان ئىگىسى بىلى-
دۇ . باشقىلارنىڭ بىلىشىگە ھەرگىز بول-
مايدۇ» دېيىشىدىغان بولۇۋاپتۇ .

## زالىم پادىشاھ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، تەڭرىتېغى-
نىڭ نېرىسىدا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنى-
كەن . پۇقرالار ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاق تو-
يۇپ كەتكەنىكەن . يازنىڭ تونۇردەك ئىس-
سىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، پادىشاھ ۋەزىر-
لىرى بىلەن بىللە تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا
سەيلە قىلىۋېتىپ سۇغا چۆمۈلگىسى كې-
لىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ پۇتىنىڭ پېيى تارتى-
شىپ ، ياخشى ئۈزەلمەي چۆكۈپ كېتىشكە
تاسلا قاپتۇ . دەل شۇ پەيتتە دەريا بويىدىكى
ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئىككى دېھقان كېلىپ
ئۇنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قىرغاققا ئې-
لىپ چىقىپ قارىسا ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇز-
غان ئادىمى ئاۋام خەلقنى قاقشاتقان زالىم
پادىشاھ بولۇپ چىقىپتۇ . پادىشاھ ئۇلارنى
تارتۇقلىماقچى بولۇپ :
— سىلەر مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇل-
دۇرۇپ قالدىڭلار ، سىلەرگە نېمە كېرەك ،
ھەرقانداق نەرسە تەلەپ قىلساڭلار ، بېرىش-
كە رازىمەن ، — دەپتۇ .
دېھقانلارنىڭ بىرى :
— خوتۇنۇمنىڭ بېلى سۇنۇپ كەت-
كەن ، ئۇستا تېۋىپتىن بىرنى تېپىپ بەر -
سىڭىز ، — دەپتۇ . پادىشاھ بۇ دېھقاننىڭ
تەلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ ۋە يەنە بىرىگە قا-
راپ :
— سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار ، —
دەپ سوراپتۇ . بۇ دېھقان كۆپ ئىشنى بې-
شىدىن ئۆتكۈزگەن ئەقىللىق ئادەم ئى-
كەن . ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن :
— سىز ماڭا ناھايىتى مۇھىم بىر
ئىشنى قىلىپ بېرەلەمسىز ، — دەپتۇ .
پادىشاھ ئۇ چوقۇم كۆپ مال - دۇنيا ياكى
يۇقىرى مەنسەپ تەلەپ قىلسا كېرەك ، دەپ
ئويلاپ :
— نېمە ئىش ؟ — دەپ سوراپتۇ .
دېھقان ئەتراپىغا ئوبدان قارىۋېتىپ :
— مېنىڭ سىزنى خەتەردىن قۇتۇل-
دۇرۇپ قالغانلىقىمنى ئىنس - جىنغا تىنى-
مىغان بولسىڭىز ، — دەپتۇ .
(1988 - يىلى قومۇلدىن توپلاندى )

توپلىغۇچى : ھەسەن تىلىۋالدى
مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭى چۆچەكلەر

### پەرق

قۇرداش ئىككى ياش بىرلا ۋاقىتتا بىر دۇكانغا ئىشقا كىرىپتۇ ھەمدە ئوخشاش مائاش ئاپتۇ. ئەمما ئانود دېگەن يىگىتنىڭ مەرتىۋىسى بىردىنلا يۇقىرىلاپ كېتىپتۇ، برونو دېگىنى بولسا ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ خوجايىننىڭ ئۆزىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن ناھايىتى نارازى بولۇپ، ئاخىر بىر كۈنى خوجايىننىڭ ئالدىغا كىرىپ كوتۇلداشقا باشلاپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىغاچ ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئانود ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى ئويلىشىپتۇ.

— برونو ئەپەندى، — دەپتۇ خوجايىن، — سىز بازارغا بېرىپ، بۈگۈن ئەتىگەن نېمە سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەلسىڭىز، — دەپتۇ.

برونو بازاردىن قايتىپ كېلىپ خوجايىنغا بۈگۈن ئەتىگەن بازاردا بىرلا دېھقاننىڭ بىر هارۋا ياڭيۇ ئەكېلىپ سېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— قانچىلىك چىقىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوجايىن.

برونو دەررۇ قالپىقىنى كىيىپ بازارغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ خوجايىنغا ياڭيۇنىڭ 40 تاغار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— باھاسى قانچىكەن؟

برونو بازارغا ئۈچىنچى قېتىم قاتراپ بېرىپ باھانى سوراپ كەپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ خوجايىن ئۇنىڭغا، — ئەمدى سىز ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

ئانود بازاردىن ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەپتۇ ھەمدە دوكلات قىلىپ هازىرغىچە بىرلا دېھقاننىڭ ياڭيۇ سېتىۋاتقانلىقى، ياڭيۇنىڭ 40 تاغار ئىكەنلىكى، باھاسىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى؛ ياڭيۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقى، ئۆزىنىڭ خوجايىن كۆرۈپ باقسۇن دەپ بىرنى ئالغاچ كەلگەنلىكى؛ بۇ دېھقاننىڭ بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىرنەچچە ساندۇق پەمىدۇر ئەكېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قارىشىچە باھاسىنىڭ ناھايىتى ئەرزانلىقى، تۈنۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنىدىكى پەمىدۇرنىڭ تولىمۇ تېز سېتىلغانلىقى، ئامباردا كۆپ قالمىغانلىقى، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇنداق ئەرزان پەمىدۇرنى خوجايىن جەزمەن ئازراق ئالىدۇ دەپ ئويلاپ، پەمىدۇردىن بىرنى ئالغاچ كېلىپلا قالماستىن، يەنە ھېلىقى دېھقاننىمۇ باشلاپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا تالادا جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇ چاغدا خوجايىن برونوغا بۇرۇلۇپ:

— ئەمدى، سىز ئانودنىڭ ئىش ھەققىنىڭ نېمىشقا سىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنسىز، — دەپتۇ.

### سۇنغان ئوق

*چى يۈن*

ئەمنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە بولسا كېرەك، بىر ئاتا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئاتىسى گېنېرال، ئوغلى تېخىچىلا چاپارمەن ئىكەن. بىر چاغدا بۇرغىلار ياڭراپ، جەڭ دۇمباقلىرى گۈمبۈرلەپ چېلىنىشقا باشلاپتۇ. ئاتىسى بىر تال يا ئوقى سېلىنغان ئوقداننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوغلىغا جىددىي تەرزدە:

— بۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋررۈك ئوق، ئۇنى يېنىڭغا ئېسىۋالساڭ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىسەن، ئەمما ئۇنى ھەرگىز ئوقداندىن چىقىرىپ تاشلىما، — دەپتۇ.

بۇ قېلىن كالا تېرىسىدىن ياسالغان، چۆرىسىگە بىلىنەر - بىلىنمەس چاقناپ تۇرغان مىس زىبغىق چۈشۈرۈلگەن ئىنتايىن كۆركەم ئوقدانىكەن، ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرغان ئوق قۇيرۇقى-

نىڭ ئالىي دەرىجىلىك توز پېيىدىن ياسالغانلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇغلى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا ئوق دەستىسى، ئوق ئۇچىنىڭ شەكلىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن قىياس قىپتۇ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوقنىڭ ۋىژىلداپ ئۆتكەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، كۆز ئالدىدا دۈشمەن سەركەردىسى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈپ جان بەرگەن مەنزىرە كۆرۈنگەندەك بوپتۇ.

دېگەندەك، تەۋەررۇك ئوقدانىنى ئېسىۋالغان بۇ ئوغۇل ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ھەممىلا جەڭدە دۈشمەننى يېڭىپتۇ. ئۇرۇش توختىتىش سىگنالى چېلىنغاندا، بۇ ئوغۇل غەلىبە ھاياجىنىنى باسالماي، ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا پۇتۇنلەي خىلاپلىق قىلىپ تەۋەررۇك ئوقنى ئوقداندىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ كۆرۈپ بىردىنلا قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئوقداندا سۇنۇپ كەتكەن بىر تاللا ئوق تۇرغۇدەك.

«مەن سۇنۇپ كەتكەن بىر تال ئوقنى ئېسىۋېلىپ جەڭ قىلىپ يۈرۈپتىمەن!» ئوغۇل قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، خۇددى بىردىنلا تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆي گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك ئىشەنچ - غۇرۇرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

نەتىجىدە ئۇ پىتىراپ كەتكەن دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپتۇ.

ئاتىسى ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ھېلىقى سۇنغان ئوقنى قولىغا ئاپتۇ - دە، زەردە بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپتۇ: «ئۆز ئىرادىسىگە ئىشەنمىگەن كىشى، مەڭگۈ گېنېرال بولالمايدۇ».

غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنى بىر تال تەۋەررۇك ئوققا باغلاپ قويۇش نېمىدېگەن ئەخمەقلىق، يەنە كېلىپ بىر كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ تەقدىرىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇشى نەقەدەر قورقۇنچلۇق - ھە! بىز مۇشۇنىڭدەك، ئۈمىدىمىزنى پەرزەنتلىرىمىزگە، بەختىمىزنى ئېرىمىزگە، تۇرمۇش كاپالىتىنى ئىدارىمىزگە باغلاپ قويساق قانداق بوپكېتەر؟

ئەمەلىيەتتە ھەربىرىمىز بىر تال ئوق، ئۇنى چىداملىق بولسۇن، ئۆتكۈر بولسۇن، دەل جايىغا تەگسۇن دېسەك، بىلەيدىغىنى، قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىز.

## بەخت ئىلاھىسىنىڭ ھېكمىتى

*لياۋ جىنجۇن*

بىر كىشى ئەتىدىن - كەچكىچە دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ خۇدادىن ئۆزىگە بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. ئۇنىڭ سەممىيىتى خۇدانى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى گۈزەل بەخت ئىلاھى ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما بەخت ئىلاھى:

— توختاپ تۇرسىلا، مېنىڭ يەنە بىر سىڭلىم باردى، — دەپتۇ ھەمدە بىر چەتتە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر قاراپلا چۆچۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سىڭلىسى ناھايىتى سەتكەن. ئۇ:

—ئۇ راستىنلا سىلىنىڭ سىڭىللىرىمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، بەخت ئىلاھى:

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، بەختسىزلىك ئىلاھى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ:

— مەن سىلىنى كىرسۇنمىكىن دېگەن، ئۇ تالادا قالسا بولامدۇ؟ — دەپتۇ. بەخت ئىلاھى جىددىي قىياپەتتە:

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئىككىمىز نەگىلا بارساق كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپلا يۈرىمىز، بىزنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئەڭ ياخشى ساقچى

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋەلوس ئانژېلىس ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىنى ئەڭ ياخشى قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپپاراتى دەۋالىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئۇلارنىڭ سىنىشىپ بېقىشىنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توشقاننى ئورمانلىققا قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ توشقاننى قانداق تۇتۇپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى زور بىر تۇركۇم تەكشۈرۈش خادىمىنى ئورمانلىققا ئەۋەتىپتۇ ھەمدە ھەربىر دەرەخنى سوراققا تارتىپتۇ. بىرنەچچە ئايلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ھېلىقى ئاتالمىش توشقان مەۋجۇت ئەمەسكەن، دېگەن يەكۈن چىقىرىلىپتۇ.

فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى قوشۇن چىقىرىپ ئورمانلىقنى قورشىۋاپتۇ ھەمدە توشقانغا يېنىپ چىقىپ تەسلىم بولۇشنى بۇيرۇق قىپتۇ، ئەمما توشقان چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورمانغا ئوت قويۇپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئورماندىكى بارلىق ھايۋاناتنىمۇ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ ھەمدە كەچۈرۈم سوراشنى رەت قىپتۇ، چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى توشقاننىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

نۆۋەت لوس ئانژېلېس ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەندە، بىرنەچچە ساقچى ئورمانلىققا كىرىپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان بىر ئىت ئېيىقنى سۆرەپ چىقىپتۇ. ئىت ئېيىق ھەدەپ:

—— ئوكەي، ئوكەي، مەن ئۆزۈمنىڭ توشقان ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسام‍ىلا بولمىدىمۇ؟ —— دەۋاتقۇدەك.

### پاتمىچۇقنىڭ مۇھەببىتى

*لى فەنشۈەن*

بۇ ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە.

بىرەيلەن ئۆيىنى بېزەش ئۈچۈن تېمىنى سۆكۈپتۇ. ياپونچە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تېمى ئوتتۇرىسىغا ياغاچ جازا ئورنىتىلىپ، ئىككى تەرىپىگە سۇۋاق سۇۋۇلۇپ ياسىلىدىكەن، ئىچى بوش قالىدىكەن.

ئۇ تامنى سۆكۈۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىچىگە بىر پاتمىچۇقنىڭ سولىنىپ قالغىنىنى بايقاپتۇ. سىرتتىن قېقىلغان بىر تال مىخ پاتمىچۇقنى قۇيرۇقىدىن مىخلىۋەتكەنىكەن. ئۆينىڭ خوجايىنى ھېلىقى مىخقا زەن سېلىپ قاراپ، ناھايىتى ھەيران قاپتۇ، چۈنكى ئۇ مىخ ئون يىل ئىلگىرى مۇشۇ ئۆي سېلىنغان چاغدا قېقىلغانىكەن. بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ھېلىقى پاتمىچۇق تامنىڭ ئىچىگە توپتوغرا ئون يىل قامىلىپ قاپتۇ! زۇلمەتلىك تامنىڭ ئىچىدە ئون يىل ياشاپتۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس!

قۇيرۇقى مىخلىۋېتىلگەن، بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغان بۇ پاتمىچۇق ئون يىلغىچە زادى نېمە يەپ ياشىغاندۇ؟

ئۆينىڭ خوجايىنى قۇرۇلۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپتۇ: «ئۇ زادى نېمە يەيدىغاندۇ؟»

ئۇزۇن ئۆتمەي قەيەردىندۇر يەنە بىر پاتمىچۇق يەمنى چىشلىگىنىچە ئۆمىلەپ كەپتۇ...

ئاھ، مۇھەببەت! تەڭدىشى يوق ئالىيجاناب مۇھەببەت! ھايات - ماماتتا ئۆزگەرمەيدىغان سۆيگۈ! قۇيرۇقى مىخلىنىپ ماڭالماس بولۇپ قالغان پاتمىچۇقنى ئون يىلدىن بېرى يەنە بىر پاتمىچۇق بېقىپ كەپتۇ.

بىز ھېلىقى پاتمىچۇقلارنىڭ ئاتا ياكى ئانا، ئەر - خوتۇن ياكى ئاكا - ئۇكىلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىلمەكچىمۇ ئەمەسمىز.

ئىشقىلىپ مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم.

### ھايات - ماماتنى بىر - بىرىگە تاپشۇرۇش

*يەن مىڭ*

مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى IV ئەسىردە ئىتالىيىدىكى پىسئاس دېگەن بىر يىگىت ياۋۇز پادىشاھ يو. ئونسوسنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. يىگىت ئۆيىگە قايتىپ ياشىنىپ قالغان ئاتا- ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىۋېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەمما زالىم پادىشاھتىن رۇخسەت ئالالماپتۇ. مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ دوستى دامىمن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ جازا مۇددىتىنى ۋاقتىنچە ئۆتەپ تۇرۇشقا رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە: ئەگەر پىسئاس ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا جازالانسام بولىدۇ، —— دەپتۇ. زالىم پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپتۇ، پىسئاسنىڭ بولسا ئىز - دېرىكىمۇ بولماپتۇ، كىشىلەر دامىمنىنى: «ساراڭلىق قىلىپ دوستلۇققا ھاياتى بىلەن ھۆددە قىپتۇ» دەپ مەسخىرە قىپتۇ. دامىمن دار ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ، كىشىلەر بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە جىممىدە تىكىلىپ تۇرغاندا، يىراقتىن پىسئاس كۆرۈنۈپتۇ. قاتتىق يامغۇردا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇ: مەن قايتىپ كەلدىم! دەپ ۋارقىراپتۇ، ئارقىدىنلا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ دامىمنىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپتۇ. شۇ چاغدا، ھەممەيلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈشۈپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ پىسئاسنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىپتۇ ھەمدە:

—— مەن بارلىقىمنى سەرپ قىلىپ مۇشۇنداق دوست بىلەن تونۇشۇشنى خالايمەن، —— دەپتۇ.

**غۇپۇر قادىر** تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

## «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلار، ئەدىب، شائىرلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسور، دوكتورلىرى ۋە ژۇرنالىستلار «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە جەم بولۇپ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

سۆھبەت يىغىنىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، پروفېسسور ھېيتەم ھۇسەيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئالىي مۇھەررىر ئابلىمىت سادىق قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. سۆھبەت يىغىنىغا ئابلىمىت سادىق رىياسەتچىلىك قىلدى. يولداش ئابلىمىت سادىق سۆز قىلىپ: مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇش، ھازىرقى ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازارغا يۈزلىنىشنىڭ مۇقەررەر ۋە تەخىرسىز يول ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

يولداش ھېيتەم ھۇسەيىن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نەتىجىدىن قانائەت قىلىپ قالماي، تېخىمۇ تىرىشىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، تېخىمۇ رەڭدار، خەلق ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، شائىر ياسىن زىلال «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 17 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشرى جەريانىدىكى نەتىجە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ژۇرنالنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى ۋە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشى ھەققىدە ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پېشقەدەم شائىر، تىلشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى، فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، تىلشۇناس ئارسلان ئابدۇللا، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۆمىن روزى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىدىن راھىلە، ئابلەت نۇردۇن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى زوھرۇللا، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ۋە ياش دوكتورلاردىن ئەسئەت سۇلايمان، راھىلە داۋۇت ھەمدە ياش فولكلور شۇناسلاردىن ئوسمان ئىسمائىل، غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە بىر قىسىم ئاپتورلار قىزغىن سۆھبەت بايان قىلىپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مىللىي مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، ئۇنى زامانغا ۋە جاھانغا تونۇشتۇرۇش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۆرسەتكەن شانلىق تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئالىملار «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرقى كۈندە ئۆسمۈر بالىلاردىن بوۋاي ـ مومايلارغىچە، ئاددىي ئاۋام خەلقتىن ئالىملارغىچە سۆيۈپ (ئاخىرى 35 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم كىتابخان!

«مىراس» ژۇرنىلى ئەجداتلىرىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىدىغان خاسىيەتلىك داستىخان، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، ھازىر بىلەن كېلەچەكنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك.

جاھان ئەھلى ئىچىدە سىز - بىزنى مۆھتەرەم ۋە ئىپتىخارلىق قىلغان، مىللىي ئەدەبىي، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ يېگانە كۆركى بولغان، خەلقىمىز ئەڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «مىراس» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنالدۇر. ئۇنىڭدا قىزىق - قىزىق ھېكايە - چۆچەكلەر، ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلار، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت قىسسە - داستانلىرى، لەتىپە - كۇلدۇرگە، چاقچاقلار، تېپىشماقلار ۋە بالىلار ئويۇنلىرى، تارىخىي رىۋايەتلەر، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ئائىت ئۇچۇر، تەتقىقاتلار، ھايات ھەقىقەتلىرىگە تويۇنغان ھېكمەتلەر، ماقال - تەمسىللەر، سۆيگۈ قوشاق ۋە مەكتۇبلىرى، تېبابەت دۇردانىلىرى، مۇنەججىملىك دەستۇرلىرى، پالنامە ۋە سالنامىلەر، جاھاندىكى تۇرلۇك مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ھېكايە - چۆچەكلىرى قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى، مۆجىزىلىك ۋەقەلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرمى - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - ئىدراك، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى ئالدىمىزدىكى يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى يىلىدا كۆز ئالدىڭىزدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن نامايان بولىدۇ. مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. ژۇرنال ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى بىلەن سىزنىڭ ھەقىقىي سىردىشىڭىزغا ئايلىنىپ قالغۇسى.

بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق سانلارغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

ژۇرنالنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-60

يەككە باھاسى: 3.5 يۈەن، يىللىق باھاسى: 21 يۈەن

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشرى

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن

سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

(قۇربان مۇھەممەد فوتوسى)

















ISSN 1004-3829
08>
9 771004 382003

# مىراس

2000 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 60 - سان)

Heritage Uighur Folk Literature

美拉斯(维吾尔文)

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 59 - قورۇ، 507 -، 508 - ئۆي. تېلېفون: 2878485. پوچتا نومۇرى: 830001
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىد
تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى
CN65—1094/ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004—3829 ۋاكالەت نومۇرى: 60—58 باھاسى: 3.00 يۈەن
编辑:《美拉斯》编辑部 出版:新疆维吾尔自治区民间文艺家协会(乌市胜利路 57 号 507、508 房间
电话:2878485 印刷:乌市十四中印刷厂 发行:乌鲁木齐邮局 订阅:全国各地邮局 国内统一刊
号 CN65—1094/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮编:830001 刊号 58—69 定价:3.0